تۇيغۇن ئابدۇۋەلى

# كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش



تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

2

# كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش

(شېئىرلار توپلىمى)

تۇيغۇن ئابدۇۋەلى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

كۆزلىرىمدە مۇگدەيدۇ قۇياش
(شېئىرلار توپلىمى)

ئاپتورى: تۇيغۇن ئابدۇۋەلى
كوررېكتور: مەستۇرە

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2009 - يىل 9 - ئاي، ئىستانبۇل

Yenidoğan Mh 50/3 Sok No: 11 /2
Zeytinburnu/İstanbul
Tel& Fax: (+90) 212 - 6642639

Baskı_Cil
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad. No:14/2
Topkapi_İstanbul
Tel:0(212)_493 11 06
Fax:0(212)_4931107

# ئاپتوردىن

مەن ــ تۇيغۇن ئابدۇۋەلى 1974 - يىلى 11- ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاقسۇ ۋىلايىتى كەلپىن ناھىيىسى يۇرچى يېزىسى ئارا ئايماق كەنتى بەشىنچى مەھەللىدە تۇغۇلدۇم. 1987 - يىلى 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئاقسۇ گېزىتى» نىڭ «جەنۇب شامىلى» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان «ئۇستازىم» ناملىق شېئىرىم بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ تاكى 1992 - يىلىغىچە «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى»، «كىرورەن» قاتارلىق ژۇرناللاردا ۋە «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۆرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» ۋە «ئاقسۇ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ۋە ژۇرناللاردا 300 پارچە ئەتراپىدا نەزمىي ۋە 50 پارچىگە يېقىن ھېكايە، ئوبزور، نەسىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا مەلۇم تەسىر قوزغىغان. 1992 - يىلىدىن 1996 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى بىرىنچى تۈمىدە قاماقتا بولۇپ، ئىجادىي ھاياتىم توختاپ قالغان. 1998 - يىلى قايتىدىن قولۇمغا قەلەم ئالدىم، شۇ يىل ئىچىدە ئېلان قىلىنغان «يوقالغان تۇيغۇن» «يېزىلمىغان خەتنىڭ داۋامى» «تۇيغۇن تىنقلار» قاتارلىق شېئىرلىرىم «تارىم»،

«تەگرتاغ» ۋە «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم خەلق ئىچىدە زور تەسىر قوزغىغان. 2001 - يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندىم.

2003 - يىلى ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ، پاكىستان، تۈركىيىلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ، 2004 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى كانادانىڭ تورونتو شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتىم. شۇنىڭدىن بۇيان كانادادا ياشاۋاتىمەن. كانادادا ياشاش جەريانىدا ئۆي قورۇلۇشى ۋە ئۆي رېمونت قىلىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولغاندىن باشقا، ئىجادىيىتىمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدىم.

قولىڭىزدىكى ئۇشبۇ توپلامدىكى شېئىرلىرىمنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتەندىكى گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىم بولۇپ، بىر قىسمى تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى كۇتۇبخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان مەزكۇر گېزىت - ژۇرناللاردىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان، يەنە بىر قىسمى مېنىڭ تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھىرى ۋە كانادانىڭ تورونتو شەھىرىدە مۇھاجىرەتتە ياشاش جەريانىدا يازغان ئەسەرلىرىمدىن تاللاپ ئېلىندى. شۇڭلاشقا بۇ توپلامدىن ئىجادىيىتىمنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلەرنى كۆرەلىشىڭىز مۇمكىن.

بۇ مېنىڭ تۇنجى شېئىر توپلىمىم، شۇنداقلا تۇنجى كىتابىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ «ئۇيغۇرلار ۋە ئىنقىلاب» قاتارلىق ئەسەرلىرىم نەشىرگە تەييارلانماقتا.

بۇ كىتابنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ياردەملەرنى بەرگەن ئابدۇلجېلىل تۇران ئەپەندىگە، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتىغا، شۇنداقلا ئىجادىيىتىمنى ئىزچىل قوللاپ كېلىۋاتقان ئايالىم گۈلنۇر خانىمغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

# مۇندەرىجە

ئىسيانكار........................................ 11
قەلەندەر ناخشىسى........................... 12
قەلبىمدىكى غايىپ پەرىشتە.................... 13
سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك............ 14
تەلپۈنۈش ........................................ 15
توي ............................................... 16
ھەيكەل........................................... 17
بىر رىۋايەت...................................... 18
باھاردىكى بىز ................................. 19
كېپىنەك قىز..................................... 22
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.................... 25
قۇش................................................ 26
قاچانلاردا سۆيدۇم مەن سېنى.................... 27
ئەلچى ............................................ 29
زارىقىش ......................................... 30
يوقالغان تۇيغۇن ................................ 32
سۆيۈش ........................................... 34
خىيالىمنىڭ جىمجىت كېچىسى ................... 35
ئارامسىز خىياللار.............................. 37
ئادەم قۇياش ..................................... 38
سۆيۈۋەر قىزچاق ................................. 39

ئۆمۈر ناخشىسى ..................... 40
كۆزلىرىمدە مۈگدەيدۇ قۇياش ..................... 43
قايتماس رېئاللىق ..................... 45
ئىككى سونېت ..................... 46
پەرۋازىمدا گۈللىتىمەن باغ ..................... 48
«مەھبۇس» بولۇپ قالغان مۇئەللىم ..................... 49
كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى ..................... 51
قاقشال دەرەخ ..................... 53
پىراقنى كۈيلەيدۇ دەردلەنگەن قۇمۇش ..................... 55
چۈش ..................... 56
بىۋاپاغا ..................... 57
دۇنيا ..................... 58
ھايات يىلتىزى ..................... 59
تونۇش يوللار ..................... 60
باغچىدىكى ئۈچرىشىش ..................... 61
يۈرىكىمنى بەرمە قايتۇرۇپ ..................... 62
زىمىستانغا تۆكۈلگەن باھار ..................... 63
ياشاش پەلسەپەم ..................... 64
يېزىلمىغان خەتنىڭ داۋامى ..................... 67
قىممەتلىك سوۋغات ..................... 68
ئەقىدە گۈلىدىن ئەۋەتتىم دەستە ..................... 70
پىچىرلا ئامرىقىم سۆيگۈ ھەققىدە ..................... 71
چىن سۆيگۈنى تېپىۋال ئەمدى ..................... 72

چۈشۈمدىكى ئوغۇزرەڭ قىزغا ........ 73
كەچكۈزدىكى بىر تال يوپۇرماق ........ 74
چالا ساۋات ئىكەنمىز ئۇقسام........ 75
بۈگۈن سەھەر سىم-سىم يامغۇردا........ 76
يۈرىكىمنى قايتۇرغىن قىزچاق ........ 78
مەن ئۆزۈمگە شەكىلسىز قاتىل ........ 83
بىر ئوت بار ........ 84
مەن........ 85
شائىرنىڭ خىيالى........ 86
سونېت ........ 87
يۈرەك سۆيگۈسى ........ 88
تارام-تارام........ 89
ئۇستاز بولماق تەس........ 91
سەن چىقمىدىڭ نېچۈن بېغىڭغا ........ 94
گۈلباھار ........ 95
بىز سەيلىدە يۈرىمىز خوشال........ 96
كۈي ........ 97
ئوۋچى ھېسلار........ 98
تاشلاندۇق ياپراق........ 99
موماي بولۇپ قالساڭ ناۋادا........ 101

## غەزەللەر


يوق.................................................105
دىلبەر..............................................106
يار...................................................107
سېغىندىم مەن تاياقىڭنى...........................109
ئازغۇن روھىمنى قۇم باسسۇن.......................110
دىلبەر..............................................111
مۇھەببەتتىن ئۆگەيلەتسە..........................112
قىلدى...............................................113
ئۆخلىما ئاچقىن كۆزۈڭنى............................114
خەير نايىنقىم......................................116
بولدى...............................................118
ئۆكسۈمە.............................................119
جاۋاب چولتا سىناقلارغا.............................120
ئارمىغان قىلدى.....................................122
مۇھەببەت كۆزىدە باقسام...........................124
زارلاتما مېنى.......................................125
ئەتىمگىن...........................................127
مىڭ يىل ياشاپ ئۆلمەيدۇغۇ........................129
كېتەلمەيمەن.......................................131
ئارمىنىمىز شاخلايدۇ................................132
قاقشىدىم...........................................133

# ئىسيانكار

(بۇ شېئىرىمنى دوستۇم دولقۇن ئىيساغا بېغىشلايمەن)

يۈرىكىمنى ئېلىپ قولۇڭغا،
يوللىرىڭدا ياندۇرغىن مەشئەل.
غەۋغالارنى سېلىپ يولۇمغا،
ئۆيما زەخىم تېنىمدە ھەرگەل.

بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سېلىپ،
قىسسە سۆزلەپ ئەلگە سالغىن جار.
پېشكەللىكتىن نېسۋە ئېلىپ،
بولۇپ قالاي مەنلا ئىسيانكار...

# قەلبىمدىكى غايىب پەرىشتە

چاقىرماقچى بولۇپ ئىسمىڭنى،
ئاي-يۇلتۇزغا ئەيلىدىم خىتاب.
تىۋشىڭنى ئاڭلىيالمىدىم،
مىسكىن كۆڭلۈم قالدى قاغجىراپ.
سەن چىقىپلا يىتكەن شامالسەن،
قەپەستىكى قۇشتەك بىناۋا.
ئادرېسىڭنىڭ چالالىقىدىن،
غېرىبسىنغان يۈرىكىم يارا....
تۈتۈق بەرمەس سەزگۈلەر ئىچرە،
قەلبىم ساڭا يوللايدۇ سالام.
سەرراپ كەبى غايىپلىقىڭدىن،
يۈرىكىمنى رام قىلىسەن، رام!
سەلكىن بولۇپ ئۆپمىسەڭمۇ لەۋ،
چاچلىرىمنى قويساڭ تۈزىتىپ.
ئەگەشمەيتتىم كەينىڭدىن زىنهار،
مېھرىم بىلەن قوياتتىم جەزمەن،
ئاق يول تىلەپ، سېنى ئۈزىتىپ!

# قەلەندەر ناخشىسى

(قەلەندەر تىلىدىن)

تەركى دۇنيا جاھان بۇ، تەركى دۇنيا ياشايمىز،
ئىتتەك جاننى باقالماي كۆزىمىزنى ياشلايمىز.
ئالدىمىزدىن ئۆتسە كىم تەلمۈرىدۇ كۆزىمىز،
ساپايىنى تەڭكەش قىپ ناخشىمىزنى باشلايمىز.

تاشلاپ ئۆتەر. تۆت-بەش پۇڭ بەزەن سېخى جانابلار،
سەلدەك ياغار ئۇلارغا «رەھمەت»دېگەن جاۋابلار،
ئاھ! بەزىلەر ۋابادىن قاچقان كەبى قېچىشار،
جۇل-جۇل كېپەن ئارتىلغان ئۇستىمىزگە قاراپلا.

ئىسمىمىز يوق، ئىسمىمىز تەركى دۇنيا قەلەندەر،
بەختىمىزنى بىر يولى كۆيدۈرگەنمۇ سەمەندەر.
جاھان كارى بىزلەرگە ئىللىق چىراي ئاچمايدۇ،
تۇرساق غېرىب-غۇرۋانە، كىممۇ بىزنى بەلەن دەر؟

تۇرساق غېرىب-غۇرۋانە، كىممۇ بىزنى بەلەن دەر،
بىز قەپەسكە سولانغان دىلى سۇنۇق بىر دەمدەر.
«ئالللاھ» دائىم بىزلەرگە «شۈكرى» ئاتلىق دان بېرەر،
بىز مۇشۇنداق مۇسۇلمان قانائەتلىك قەلەندەر.

# تەلپۈنۈش

ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا،
مەن تۇرىمەن يىگانە مىسكىن.
تونۇمايدۇ كىشىلەر مېنى،
شادلىقىمغا تەڭ شېرىك بولۇپ،
ۋە قايغۇمغا بېرەلمەس تەمكىن.
مەن ئادەممۇ زادى كىممۇ مەن؟
ئۆز-ئۆزەمدىن شۇنداق سورايمەن.
خەرىتىسى يوق تۇرغان يېرىمنىڭ،
بىر تال چېكىت بىلەن قورشالغان.
خەرىتىدىكى قىزىل چەمبەرلەر،
دىل يارامدىن تامچىلىغان قان.
ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا،
توغقان دەرياسى ئاقىدۇ لۆمشۈپ.
بىلەلمەيمەن ئۇنىڭ تامچىسى،
گەز باغلىغان قۇرغاق لېۋىمنى،
بىردەمگىلا قالارمەن تامشىپ.
ئۈرۈمچىدىن يىراق بىر جايدا،
پىلىلدايدۇ بىر تاللا ئۈمىد.
ساڭا يېتىش نېسىپ بولارمۇ؟
گۈل تاجىسى بولۇپ ئۆلكەمنىڭ،
يۈرەكلەرنى تەلپۈندۈرگەن يۇرت.

# سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك

سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك،
تەبىئەت تەخىرسىز تولغان ئىپارغا.
قەھرىتان قىش تېنى سېزىپ تەپتىڭنى،
كۆكسىدىن يوللىغان زەم-زەم باھارغا.

سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك،
شادلىقتىن تۇپراقنىڭ سوقتى يۈرىكى.
(ئۆيقۇغا باش قويدى ئاپرېل ئېيىمۇ،
ئاڭلىنىپ ئۇزاققا تارتقان خورىكى...)

سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك،
سىپايە رەۋىشتە بولدى ياز تويى.
بۇلبۇللار قىزىتتى تاڭ نەزمىسىنى،
ئالەمنى قاپلىدى چېچەكلەر بۇيى.

سەن سۆيگۈ گۈلىدىن ئاچقاندا چېچەك،
لېۋىڭدىن شېرىنلەر سۆزدۇم ئەسەبي.
سەن باھار ئېيپ كەلگەن تاتلىق ئىلھامسەن،
ئىھ نازۇك چېچەكسەن،
بىر گۆدەك سەبي...

# ھەيكەل

بولسام دەيمەن بىر ھەيكەلتاراش،
نەقىش قىلىپ ئويماقچى بولسام.
قىيا تاشلىق دەرەخ سۇرىتى،
سىزىپ قويغۇم كېلەر جىممىدە.
ھەقىقەتنىڭ كۆز قارىچۇغىغا،
كالا مىنىپ تۇرغان پادىچى.
كالا دەرەخ بولۇپ كۆكلىسە،
دەرەخ كالا بولۇپ مۆرىسە،
نېمە بولۇپ قالار پادىچى!...

## توي

سۆيگۈم
ياتلىق بولۇپ مۇھەببىتىمگە،
تۇغۇپ قويدۇم ھەسرەتلىرىمنى.
ئازابلىرىم دەستىدە بولسا،
ياتلىق قىلاي مەن ئۇنى كىمگە؟

# باھاردىكى بىز

1

باھاردىكى دەرەخ پوتلىسى،
ئوخشامدىكىن بىز ئىككىلىمىزگە.
ئات قىلايلى تال چىۋىقلارنى،
كاككۇك قونغان ئۈجمە شاخلىرى.
شىلدىرلىسىلا باش ئۈستىمىزدە.
قۇرۇپ قاقشال بوپ قالغان سۆگەت
چىقىرىپتۇ يىپپىېڭى نوتا.
كۆتۈرەرمۇ سالساق سەگەنچۈك،
يىقىلماسمىز ھە!
ئۈچساق ئۈنىڭدا.

2

باھاردىكى يېشىل چىمەنلەر،
ئوخشامدىكىن ساڭا يا ماڭا.
بىز بارايلى سېۋەت كۆتۈرۈپ،
چۆپ تېرىشكە قويلىرىمىزغا.

چىقىپ بوپتۇ بىزدىنمۇ بالدۇر،
قوشنىمىزنىڭ كەنجى قىزىمۇ،
چۆپ تەرگىلى يالغۇز قويىغا.
ئاكام پەرھات سۇ تۇتۇش ئۈچۈن،

## بىر رىۋايەت

ئېزىلەڭگۈ ئارغامچىدەك خىياللىرىم،
كېتىۋېتىپ كەلگۈسۈمنىڭ ئۆيىگە.
تېپىۋالدى چىغىر يولدىن تۆت تەڭگە،
تۇتۇپ كېتىپ ئۆتمۈشۈمنىڭ تولغىقى،
تۇغۇپ قويدى قەرەلىمۇ توشماستىن،
تۇۋى تۆشۈك يوغانغىنە چەندازە.

دادام بىلەن ئېتىز بېشىدا،
يۈر ئىككىمىز بىللە بارايلى،
مېنىڭ ئانام سېنىڭمۇ ئاناڭ،
ئوينىساقمۇ ئەتە ئوينايلى.
شۇنداق دېگەن ئىدىغۇ داداڭ؟!

مېڭىپ بوپتۇ ئېرىق بويىغا.

قۇياش شولا تارتقان بۇلاقتا،
چۈشۈپ قالسا قىزنىڭ سايىسى،
سۇ ئالارمۇ بوۋام قاپاقتا.
تورۇق ئاتلىق ياشقىنە يىگىت،
سۇغارماقچى بولدى ئېتىنى،
ئات سۇ ئىچتى بۇلاقتىن،
يىگىت كۆزى قالدى قىزچاقتا.

3

ئوتلاق-موزاي، جىگدە ۋە ئېتىز،
دېھقان، ساپان، ئېشەك ۋە سۆرەم،
تورغاي، ناخشا، تېراكتور كەتمەن،
گۈزەل رەسىم ئۇ شۇنچە كۆركەم.

باھاردىكى تورغاي بالىسى،
بەك ئوخشايدۇ ساڭا يا ماڭا.
ئاۋۇ تۇرغان كىمنىڭ كالىسى،
يېنىدىكى كىمنىڭ بالىسى،
دوست بولامدۇق بېرىپ يېنىغا،
ھە! راست، ئۇنتۇپ قاپتىمەن تېخى،
ساقلاپ تۇرماق بولغانتى ئاكام،

چاقىرغاندا ئۈجمە يېسۇن، دەپ،
ئايرىلىشقا قىيماستىن كۆزۈڭ،
يەنە قايتىپ كېلەرسەنمۇ، دەپ،
يىغلاپ قالغان قىز سەن ئەمەسمۇ؟
تۆت پەسىلنى ئۆتكۈزۈپ تەستە،
سېنى كۆرمەك ئۈچۈن قۇش بولۇپ،
بارغان چېغىم ئىيۇل ئايلىرى،
كۆزلىرىڭدىن غەمكىن نۇر تۆكۈپ،
كۈتۈپ ئالغان قىز سەن ئەمەسمۇ؟
بولۇپ گويا تۇتۇلغان كۈندەك،
قىلىپ سېنى تورىغان گۈلدەك،
ساراڭ قىلىپ ئۈمىدلىرىمنى،
مېنى ھەيران قالدۇرۇپ تەڭلا،
كەتمەك بولغان قىز سەن ئەمەسمۇ.
ئېيتىپ بەر:
نېمە ئۈچۈن قىلىسەن شۇنداق؟
بوپ قالمىساق ئاقساق يا چولاق،
گۇناھىممۇ ئۈجمە يېگىنىم،
سەۋەب يوقمۇ ئۇندىن ياخشىراق؟

ئۆكتەبىرنىڭ سالقىن كېچىسى،
يوغانغىنا ماي قوڭغۇزدەك،
نۇر چاقنىتىپ قاناتلىرىڭدىن

# كېپىنەك قىز

بەشىنچى ئاي ئايدىڭ ئاخشىمى،
پۇراپ مېنى تىنىقلىرىڭدا،
ئەللەي ئېيتىپ قاناتلىرىڭدا،
قوللىرىمغا كېپىنەك بولۇپ،
قونۇپ ئالغان قىز سەن ئەمەسمۇ؟!
ئىيۇندىكى قۇياش نۇرىدا،
ئىيۇلدىكى يامغۇرلۇق كۈندە،
كۆل بويىدا تاللىقتا، كۈندە،
كېچىلەردە يەنە كۈندۈزدە،
سۆيۈپ تۇرغان قىز سەن ئەمەسمۇ؟!
كەچكۈزدىكى سوغۇق شامالدا،
دېكابىردا قارلار ياغقاندا،
يانۋاردىمۇ سوغۇق كۈلۈپتا،
ئۆتتەك قىزىق قىزىق تىنىقلىرىمنى،
پۇراپ تۇرغان قىز سەن ئەمەسمۇ؟!
ئىككىنچى ئاي خىلۋەت باغچىدا،
مارت كۈنلىرى قارا ياغاچلىقتا،
ئاپرېلدىكى تاللىق ئاستىدا،
كۆزلىرىمگە تويماستىن بېقىپ،
ئويغا پاتقان قىز سەن ئەمەسمۇ؟!

ئالتىنچى ئاي، قېرىنداش ئاكام،

# مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر

نەگە بارسام تونۇش چىرايلار،
كۆرۈنىدۇ خۇش-خۇي شۇ قەدەر.
ئىپار ھىدى بېرىدۇ تۇپراق،
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

جىرالاردىن ئاققان زۇمرەت سۇ،
ئېگىز ئاقباش تاغلاردىن كېلەر.
چۆمۈلىدۇ ئاڭا كۆپ ئاققۇ...
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

چاۋاك چالار ياپراقلار لەرزان،
سەلكىن شامال دالىدا ئۈزەر.
كۈي ئاڭلىنار شاخلاردىن ھامان،
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

ئىللىق چىراي مېھماندوست خەقلەر،
داستىخىنى كەڭرى شۇ قەدەر.
سېنىڭ ئۈچۈن جېنىنى بېرەر،
مېنىڭ كەبەم مۇشۇ ئانا يەر.

ئۇچۇپ كەتمەك بولدۇڭ يىراققا،
ئۇچۇپ كەتتىڭ شۇنداق، يىراققا.
ئۇچۇپ كەتتىڭ سەن بىر قۇش بولۇپ،
كەچكۈزدىكى تۇمان قوينىغا.
ئۆمۈچۈك توردەك خىياللىرىمغا،
كۆرۈنگەندە ئۇجمە دەرىخى،
كېلىپ قالار ئېسىمگە ھەر تەڭ،
تەشتەكتىكى نامازشام گۈلى.
شاھىد بولۇپ ئازابلىق ئۆتمۈش،
ئۇزاتقاندا ئۆلگەن سۆيگۈمنى،
تۇندە ئۇچقان بىر يالغۇز قۇشتەك،
كەتكۈم كېلەر يىراق-يىراققا.
كېلىپ قالسا ئېسىمگە ئۆتمۈش،
كۆزلىرىمدىن ئۇندەش بەلگىسى-
تېشىپ چىقار ھورۇنلۇق بىلەن،
سىڭىپ كېتەر يەنە تۇپراققا...

# قاچانلاردا سۆيدۇم مەن سىنى

1

بۇلۇت يۇمشاق، تۆككەن يېشىنى،
زېمىن قاتتىق، كېتەر سىڭدۇرۇپ.
قەلبىم يۇمشاق، كۆز ياشلىرىمنى،
يۈرىكىڭ تاش خۇددى تاشتەكلا،
چانقىمدا قويدى قاتۇرۇپ!
قاچانلاردا سۆيدۇم مەن سىنى،
سۆيۈشىنمۇ بىلمەستىن تۇرۇپ.

2

يوشۇرۇۋالدىم ساختا كۈلكەمگە،
قەلبىمدىكى جىمغۇرلۇقۇمنى.
يۈرىكىمگە چوغ چۈشكەن كۈنى،
كۆرگۈم كەلدى ئاخشامقى چۈشتە.
كۆرۈپ قالغان گۈلخاننى ئوتنى!
تاقىتىمگە يالۋۇردۇم سەھەر،
ئەسلىگەندە نىمجان قورۇتنى...

3

كىرپىكىگە ھەسرەتلىرىمنىڭ،
ئىلىپ قويدۇم مەغرۇرلۇقۇمنى،

# قۇش

كىرپىكىمدە سۇپسۇزۇك شەبنەم،
كۆلۈمسىرەپ قارىسا ماڭا.
لەيلەپ كەلگەن بىر غەمكىن ئۇمىد،
قونۇۋالدى مۇرەمگە ئاستا...
كەل يېنىمغا سۆيۈملۈك قۇشۇم،
ئۇۋۇا بىرەي قەلبىمدىن ساڭا.
ئۇچۇپ كەتمە چىمەنلىككە سەن،
مېنى يالغۇز قويمىغىن تاشلاپ،
مەنمۇ باراي ياكى سەن بىلەن،
چىمەنلىكتە نېمە بار ساڭا،
كۆرۈشمەكچى ئىدىڭ كىم بىلەن؟
بوۋام تۇگەپ كەتكەن ئاشۇ كۈن،
پادا بېقىپ يۈرگەن ئىدىم مەن.
ياڭاق يېگىم كەلگەن سەن بىلەن،
قەيەردىسەن بىلمەيمەن لېكىن.
مەن سېنى ھەم كۈتكىلى نېكەم،
قەيەردىسەن سۆيۈملۈك قۇشۇم،
ئۇچۇپ كېتەي مەنمۇ سەن بىلەن...

# ئەلچى

بېغىڭنى قاپلىغان ئاقۇچ تۇمانلار،
تۇرىدۇ تەۋرىنىپ خىيالىم كەبى.
چاقنىسام قۇياشتەك تۇمانلار ئارا،
سەن كېلىپ نۇرۇڭنى سېپەمسەن سەبىي.

شامالدەك چېكىدۇ روجەكلىرىڭنى،
دەرەختەك شىۋىرلاپ بىر جۈپ كۆزلىرىم.
دىلىمدا ئېيتماق بولغان ناخشىنىڭ،
تۇتۇلسا قۇلىقىڭ ئالدىدا تىلى،
بېرەمۇ تىڭشىغۇچ بولۇپ يۈرىكىڭ؟

لېۋىڭگە سۇبھىدەك سۆيمەكچى بولسام،
نەزىرگە بارمىغان چەلپەكچى موللام.
بىردىنلا ئۇ بولۇپ كەتكەندەك تويغا،
ئۆچ بولۇپ قالامسەن ياكى سەن ماڭا.

خىيالىم رەڭگارەڭ توز قانىتىدەك،
يېپىلار ئۈستۈڭگە بولغانچە كۆڭلەك.
يۈرىكىم ئۈمىدتىن چىقىرىپ قانات،
ئۆيۈڭگە قۇش بولۇپ كەلمەكچى بولسا،
بوپ بېرەر سەن ئۈچۈن ھاياتلىق، يۆلەك.

ناتونۇشقا بەرگەن كۈلكەڭنىڭ،
ساھىلىغا ئاقسا كۆز يېشىم،
قۇچاقلىدىم تەنھالىقىمنى...
ئىچ-سىرىڭنى بىلمەستىن تۇرۇپ،
قاچانلاردا سۆيدۇم مەن سېنى.

تەۋەررۈك ئوغلىنى ساقلاپ ئولتۇرار.

قۇياش چىقىپ تاڭلار ئاتقاندا،
يا تاڭ ئېتىپ قۇياش چىققاندا.
ئۇچرىشىپ قالىمىز قاپاق كۆتۈرۈپ،
جانان بىلەن بۇلاق بېشىدا.
ئۇچرىشىپ قالارمىز قۇياش بىلەنمۇ،
ئاھ! ۋىسال لەززەتكە كەيىپ قىلغاندا،
قۇياشمۇ كەيپكە جۇر بولۇر بەلكىم.
جۇر بولۇر ھەم كېلىپ ئاتقان شۇ تاڭمۇ،
قىزىق قان قاڭسىق تەر، پىغانلار ئارا.

# زارىقىش

تالڭ قاچان ئاتىدۇ؟ قۇياش چىققاندا،
قۇياش قاچان چىقىدۇ؟ ھەم تالڭ ئاتقاندا.
مەن كۈتۈپ جانانىنى، جانان ھەم مېنى،
ئۇچرىشىپ قالارمىز قانداق ماكاندا؟
ئۇچرىشىپ قالارمىز قايسى زاماندا؟

مەنزىلى يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرسا،
يەتمەستىن قانداقمۇ توختىسۇن كارۋان؟
پەيلىرى يۇڭدالغان تۇكسىز سېغىزخان،
ئېشەكنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ قاچسا،
ئېشەكچى ئېشەكنى ئۇرماس ھېچقاچان.

تونۇردا تۇنگەن بىچارە يېتىم،
ئېرىشمەك بولغاندا ياغلىق توقاچقا،
ماڭدۇ ئەگىشىپ كارۋانغا ھامان،
مەسچىتتە بامداتقا توۋلانسا ئەزان.
تۇنۇگۇن خۇپتەندىن قايتقان يارەنلەر،
ھە! بۈگۈن كارۋانغا يول باشلاپ ماڭار،
زاۋالدا كۆز ئاچقان ساقاللىق بوۋاق،
سەھەردە قايتىدىن ياشىرىپ قالسا،
جانانمۇ بىر يەردىن ئىزدەپ كەپ قالار.
ئېھتىمال ئۇ يەردە قەدىردان ئانا،

نېمىشقا سەكرىمەي تۇرىسەن جىمجىت.
نېمىشقا ھەردائىم مۇڭلۇق خىيالىڭ؟

جاۋاب بەر مەن نەدە، مۇڭلانغان زېمىن؟
جاۋاب بەر مەن نەدە، پايانسىز ئوكيان؟
سوراپ باق ئاسماندىن، كۆردىمۇ مېنى؟
جاۋاب بەر مەن نەدە، تەكەببۇر تاغلار؟
جاۋاب بەر مەن نەدە، گۈلىستان باغلار؟
ئېيتىڭلار مەن قېنى، مەن زادى قېنى؟!
يا كۆمۈپ قويدۇڭمۇ بېشىڭغا مېنى...
جاۋاب بەر مەن نەدە، خىيالچان ئۆتمۈش،
نەلەرگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ ۋاقىتنى؟

مەن يىتتۇرۇپ قويدۇم ۋاقىتنى،
تاپالمىدىم ئۇنى ھېچ يەردىن.
تاپالمىدىم ۋاقىت بىلەن تەڭ،
يوقاپ كەتكەن ئۆزۈمنىمۇ ھەم.

# يوقالغان تۇيغۇن

مەن دۇنيادا ئەسلى بار ئىدىم،
ئاكامدىنمۇ بۇرۇن تۇغۇلغان.
ئاتا-ئانام تۇغۇلماستىنلا،
تال چىشىقنى ئات قىلىپ ئوينىغان.
يوقاپ كەتتىم قاچاندۇر بىر چاغ،
يۇتۇپ كەتكەن كىملەركىن مېنى.
ھېچكىم مېنى كەتمىدى يۇتۇپ،
يۇتىۋالدىم پەقەت ۋاقىتنى.
يۇتىۋاپتۇ ۋاقىتمۇ مېنى،
مەن يوقاتتىم شۇندا ئۆزۈمنى.

مەن نەگە يوقالدىم جاۋاب بەر سايەم،
جاۋاب بەر، ۋاقىتنى يوشۇردۇڭ نەگە؟
نەلەردە تەمتىرەپ يۈرەر، كەلگۈسۈم،
مەن نەگە يوقالدىم، جاۋاب بەر تىلىم،
نېمىشقا سۆزلىمەي تۇرىسەن جىمجىت،
يا چوقۇپ كەتتىمۇ قۇچقاچلار سېنى؟
كۆزلىرىم سەنمۇ ھەم كۆرمەي قالدىڭمۇ؟
تىنىقىم بۇرنۇمغا پۈرىمايسەنغۇ؟
ئوغرىلاپ كەتتىمۇ ياكى ئۆتمۈشۈم.
نەدىسەن جىسمىنى يوقاتقان يۈرەك،

# خىيالىمنىڭ جىمجىت كېچىسى

1

خىيالىمنىڭ جىمجىت كېچىسى،
سېنى ئاستا تۇرسام قۇچاقلاپ،
قويامسەنكىن سەن مېنى ئويلاپ.
ياشلىرىڭنى سۈرتكۈم كېلىدۇ،
قەلبىمدىكى يىغلاڭغۇ ئەي قىز،
تونۇمايمەن ئوڭۇمدا بىراق...
پەقەت
قالغىنىڭدا چۈشۈڭدە ئۇخلاپ،
قەلبىڭدىكى زىل تارىلارنى،
چېكىپ باقسام دەيمەن ئاۋايلاپ.

2

تەنهالىقنىڭ جىمجىت كېچىسى،
خىيالىمدا غايىب مېھماندەك،
كىرىپ باقسام دەيمەن چۈشۈڭگە.
دەرىزەڭگە مارىلىغان ئاي،
شولىسىغا قوشۇلۇپ بىر پەس،
قونۇپ باقسام دەيمەن يۈزۈڭگە.
چۈشلىرىڭگە قالسامەن مۆگدەپ،

# سۆيۈش

مەن ھېچكىمنى سۆيۈپ باقمىغان،
سۆيۈلمىگەن ھېچكىمدىنمۇ ھەم.
مەن سۆيۈشنى بىلسەم ناۋادا،
سۆيمەيتتىممۇ ئۆزەمنى-ئۆزەم.

مەندىن سۆيۈش ئىزدەپ يۈرگەنلەر،
ئاۋۋال ئۆزى سۆيۈشنى بىلسۇن.
سۆيۈشۈمدىن قېچىپ يۈرگەن قىز،
ئۆزى بىلەن سۆيۈشۈپ يۈرسۇن،
سۆيەلمىسە ئۆزىنى-ئۆزى،
سۆيەلمەكتىن داۋا ئىزلىسۇن!

مەن ئۆزەمنى سۆيەلمىگەندە،
سۆيەلەرمەن شۇ چاغ بىرسىنى.
ئۆزەمنىمۇ سۆيەلمەي يۈرسەم،
سۆيۈپ قوي، دەپ قىستىما مېنى.

# ئارامسىز خىياللار

شامالدات قەلبىمنى، سىھىرلە بىر ئاز،
قەلبىمدىن يوشۇرۇن، زەررە چىچىلسۇن.
دەرىزەڭ چىكەيمەن، ئامرىقىم، كۆندە،
تاراسلاش ئەۋجىدىن ئۆيىقۇڭ ئىچىلسۇن.

شۇ چىكىش بىر خىلدا توختىمىسۇن ھەم،
چىققىن سەن تالاغا يالغۇرلۇق كىيىپ.
ئاسمانغا قارىغىن،
قارىغىن يەرگە،
يەر-ئاسمان سۆيۈشەر ۋىسالغا قىنىپ.

ئۇماققىنە لەۋلىرىڭ بىلەن،
ئۆيغىتامسەن سۆيۈپ كۆزۈمگە.

چۈشلىرىمدە نەچچە-نەچچە رەت،
يىغلىغانتىڭ يۈزۈمنى ھۆللەپ.
بۈگۈن مانا ئېلىپ قولياغلىق،
سۈرتۈپ قوياي دېسەم يېشىڭنى،
تاپالمىدىم ھېچ سېنى ئىزلەپ.
قانداق تاپاي ھە، راست مەن سېنى،
تونۇمىسام ئوڭۇمدا پەقەت.
يا يۈرەمسەن باشقا بىرسىنىڭ،
چۈشلىرىدە تېنەپ-تەمتىرەپ.
تونۇمامسەن يا سەنمۇ مېنى،
تونۇيتتىغۇ ھەممىسى مېنى،
خىيالىڭغا دەپ بەرمەپتىمەن،
ئادرېسىمنى ياكى ئىسمىمنى،
كىممۇ ئېيتىپ بېرىدۇ ماڭا،
ئەمدى سېنىڭ تۇرار جايىڭنى...

# سۆيىۋەر قىزچاق

### گە بېغىشلاپ

كۆلكە تەرگىن زىناققا، ئاچچىقلانما ھەرگىزمۇ،
جىرىڭلىغان كۆلكىلەر سەۋدايىڭنى تارقىتار.
جەننەتتىكى ھۆر قىزلار تەسىرلىنىپ سېنىڭدىن،
ھېسلىرىنى پارچىلاپ كەڭلىكلەرگە چاچرىتار.

مەيلى سېنى بەزلىسۇن، ئالدىڭدىكى ئادەملەر،
سۆيۈنچەڭنى بېرىۋەر يۈرىكىڭدىن سۆيگەنگە.
ساڭا كۈلۈپ قارايدۇ تۈندە يانغان يۇلتۇزلار،
بەدەل تەلەپ قىلمايدۇ پەرۋانىدەك كۆيگەنگە.

سۆيمەي تۇرۇپ سۆيۈنگەن ئۆز بەختىنى تاپالماس،
ئۇندا ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئەلەملىرى لەپىلدەر.
مەن يۈرۈيمەن كەچكۈزنىڭ جىمجىت سارغۇچ باغرىدا،
شىۋىرلايدۇ ئالدىمدا قىزغىن، يېشىل شەپىلەر.

# ئادەم قۇياش

تولغانغانچە يېتىرقاش ئىچرە،
سايىلارغا تىكتىم كۆزۈمنى.
خىرەلىككە بەرمىدىم چىداش،
يۇرەكلىرىم قاتتى بولۇپ تاش،
يوقاتقانچە ھېسۇ-سېزىمنى.

قۇياش تىلەپ تەڭرىدىن مىڭ رەت،
بوسۇغىسىدا ياتتىم جەننەتنىڭ.
ئۆتۈنۈشلەر ھەل بولماي تۈگەل،
بۇنىڭ ئۈچۈن تۆلىدىن بەدەل،
قۇلىقىدا ئويناپ مېھنەتنىڭ.

ۋەھىيلەرنى كۈتتۈم تالاي تۈن،
ئۇيقۇسىزلىق ئەدىگەن دەملەر.
كۆڭلۈم مېنىڭ يورۇدى بىردىن،
يېڭى تاۋۇش ئەۋجىدە زېمىن،
قۇياش ئىكەن ئەسلى ئادەملەر...

تويۇندى كۆزلىرىم سۇبھىگە، نۇرغا.
ئىسمىم قويۇلدى، (بىلمەيمەن، قانداق؟)
يېزىلدى بىر جان، دەپ ئارخىپ قۇرىغا.

دۇنياغا كەلگەندە تەمتىلەپ مېڭىپ،
قىزىقتىم نۇرلارغا قىزىقتىم تاڭغا.
بىلگەنچە ئىنتىلدىم، ئەقىدەم چىڭىپ،
مۇھەببەت باشلىدىم يېڭىچە ئاڭغا.

ئۇ يامان بۇ يامان ئاۋۇسىمۇ ھەم،
شۇكرىلەر قىلمىساڭ بولىسەن غاپىل.
ياشايسەن ئۆمرۈڭدىن نەچچە ھەسسە كەم،
دېيىشتى جاھالەت پىرلىرى جاھىل.

ئۆزىنىڭ قولىدا ھەركىم قىسمىتى،
تايمايمەن يولۇمدىن ئىزدەپ يورۇقلۇق.
ھىيلىلەر، مىكىرلەر كار قىلمايدۇ بەس،
كۆرۈنەر كېلىچەك كۆزۈمگە نۇرلۇق.

تەھقىقكى، ئالەمدە ھەممىدىن قىيىن،
ئەمەللەر قىلماقلىق شېرىن سۆزلەرگە.
ھاياتنىڭ قىممىتى بىلسەڭ بۇ ئەمەس،
ھەقىقەت يالتىراپ تۇرغان كۆزلەردە.

# ئۆمۈر ناخشىسى

ئۆمۈردە ناخشىلار قالدى بىر تالاي،
بەزىسى يېقىملىق، بەزىسى قوپال.
تۈۋلىدىم بولسۇنكى مەيلى قانداق جاي،
توساقلار تۈزلەندى، يېڭىلدى دوقال.

ئوتتۇز بىر باھارنى ئۆتكۈزدۈم باشتىن،
ئوتتۇز بىر ياش ۋە كۈز، قىش ئۆتتى ھەمدە.
ھېسابسىز نۇر ئەمدىم ئايدىن، قۇياشتىن،
ئاجايىپ تۇيغۇلار جۇش ئۇردى تەندە.

ئادىمى خىسلەتكە قويدۇم ئىشتىياق،
يىرگەندىم ناداندىن ياغدۇرۇپ نەپرەت.
ياخشىلىق كۆرگەندە كۈيلىدىم ئۇزاق،
يامانغان ھەرقاچان قىلمىدىم شەپقەت.

يوللىرىم كۆمۈلدى نۇرغا، توزانغا،
سۆيۈنۈپ تېۋىندىم نۇرلارغا قاراپ.
نۇرلارنىڭ يۈزىنى توسقان مانانلار،
سۇرۇلدى ئاخىرى، كېتىشتى تاراپ.

ئىگىلەپ ھاياتىم باشلاندى شۇنداق،

# كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش

1

مەن شەھەرلىك ئاددى بىر ئادەم،
سەھرالىققا ئوخشايمەن بىراق.
يۈرۈكۈممۇ سوقىدۇ ھالسىز،
كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش.
كۈندۈزلىرى كۈلۈپ يۈرۈيمەن،
غېرىبلىقتا كېچىسى، ئەمما،
چانىقىمدىن قۇرىمايدۇ ياش.

2

كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش،
بولۇپ قالار يوللىرىم خىرە.
پۈتلىشىپ مەن ماڭالماي قالسام،
كۆرۈپ قېلىپ يىقىلغىنىمنى،
يۆلەپ قويار كىم كېلىپ مېنى؟
ئاشىقىدىن ئايرىلغان قىزنىڭ،
ياش لىقمۇ-لىق تولغان كۆزىدەك،
خىيالىممۇ قالسا مۆگلىنىپ،
كىممۇ سۈرتۈپ قويار يېشىمنى.
رەستىدىكى سېمىز قاسساپنىڭ
ئالدىدىكى باغلانغان قويدەك،

كىم دېدۇ كەچمىشنى قىل دىلدىن ساقىت،
ئۇ ھامان چۈش كەبى قالىدۇ ئەستە.
ئىلاھقا تېۋىنغان كەبى بىر زاھىت،
تۇيغۇلار ھەدىيە قىلار بىر پەستە.

ھەركىمدە بىر تاللاش بولغاندەك چوقۇم،
مېنىڭمۇ تاللىغان يولۇم بار داغدام.
بەك ئاددىي بوپ قالار بەلكى بۇ ئۇقۇم،
ھېسلىرىم جانلىنار كۆتۈرگەندە جام.

چۈكۈنەم ئويلاردىن خالىي مەن تۇگەل،
ئۇ مەندىن قارغىش ۋە نەپرەت.
تولەيمەن تولىسەم ئاشا زور بەدەل،
يانىدۇ قەلبىمدە گۈلخان مۇھەببەت.

ناۋادا ھېرىقسام سەپەر ئۈستىدە،
ساڭا كۈچ بېرىدۇ بۇ ئانا تۇپراق.
مەن تۆككەن تەرلەرنىڭ مېۋىسى ئەنە،
ئۇ ئەبەت ئۆمرۈمدىن سۈلماس ياپراق.

بۇ مېنىڭ ئېيتقىنىم ئۆمۈر ناخشىسى،
ئېيتىمەن ئۆمرۈمگە قويۇلغىچە چەك.
ۋىجدانىم ئۆمرۈمنىڭ بەلكى ساقچىسى،
ئۇ بىلەن نۇرانە، پارلاق كېلىچەك.

# قايتماس رىئاللىق

سوۋغا قىلدىم تۇنجى سۆيگۈڭگە،
قاسرىقىمنى ئازابتىن پۈتكەن.
بىلمەي قالغىن پىنھان قەلبىمنى،
بۇھاياتتىن نىمىلەر كۈتكەن.

ئادرىسىنى قوياي باستۇرۇپ،
پاك سۆيگۈمنىڭ يۈرەك قېتىمغا.
ئىككىلەنمەي سىزىپ قوي چەمبەر،
قەلبىڭدىكى غۇۋا ئىپتىمغا...

چانىقىمدىن تامچىدى قان-ياش،
شاتلىقىڭغا بولاي مەن شېرىك.
چىرقىرىماس يۈرىكىم دوزاق
ئازابىنى تارتسامۇ تىرىك.

تېپىچەكلىسە ئۈمۈتلىرىمۇ،
كىممۇ بەزلەپ قويار قەلبىمنى؟
تەنهالىقتا كەتسەم ئېچىرقاپ،
ناتونۇش دوست بەرگەن ناننى يەپ،
پۈتۈپ قالسا ئاۋازىممۇ،
كىم؟ ساداغا ئۈندەر تىلىمنى؟!
كىممۇ يوقلاپ كېلەر ھەم مېنى؟

3

كۆزلىرىمدە مۆگدىگەن قۇياش،
تېمىم-تېمىم كۆز ياشلىرىمنى،
بۇلۇتلارغا سۈرتكۈزگەن ئىدى.
خىجىل بولۇپ كېتەر شەپەقمۇ،
تېمىم-تېمىم ھەسرەتلىرىمنى،
ئېلىپ كەتسە قۇياشقا قوشۇپ.
ئېلىپ كەتسە تەنهالىقىمنى،
زىمىستاندا تاغ چوققىسىدا،
چېچەك ئاچقان قار لەيلىسىدەك،
ئېچىلىپ كېتەر غېرىب كۆڭلۈممۇ؟

ھايا بىلەن ياشىغانلار كۆكتىكى چولپان.
قىزلار لېۋى، جانغا شىپا مېھرىگىيادۇر،
بىر سۆيۈشتىن يۈرەكلەردە يانىدۇ گۈلخان.

ئۆلگىسى سەن ۋاپا بىلەن سۆيدۈرگەنلەرنىڭ،
لەززىتىمدىن تىلىم تاتلىق، ھېسلىرىم تاتلىق.
(ئاشىقىمەن پاك ئىشقىدا كۆيدۈرگەنلەرنىڭ،
ۋاپادارلىق ۋۇجۇمدا قۇچىدۇ شاتلىق.)

شەرمى-ھايا ۋاپا بىلەن كەلسە بىرىكىپ،
چىن مۇھەببەت چېچەكلەيدۇ ئۆمۈر بېغىدا.
«مەن سۆيىمەن سېنى» دېسەم كەتمە تېرىكىپ،
شۇنداق ھەۋەس بولىدىكەن ياشلىق چېغىدا.

سۆيگۈمىزدىن چېچەكلەرگە پۈركەنسۇن ئالەم،
ئىچەي شەربەت، گۈلگۈن لېۋىڭ بولسۇن پىيالەم.

# ئىككى سونېت

1

ئۈزۈن چېچىڭ چىرماشقاندا بەل-پۇتلىرىڭغا،
تېشىلىدۇ كۆ گۆھىرى، تامچىتىپ قان-ياش.
مۇجەسسەمدۇر پاك گۈزەللىك ۋۇجۇتلىرىڭغا،
قان قۇسىدۇ ھەسەت قىلىپ ھۆسنىڭدىن قۇياش.

ئاي يۇلتۇزلار مۆكۈشىدۇ بۇلۇت كەينىگە،
ئوت پۈركىسەڭ تەبەسسۇمدا چەكسىز ئاسمانغا.
ئىزىڭ قالار ئۆچمەس بولۇپ چىقساڭ سەيلىگە،
ئەرمەك بولار چىمدىم توپاڭ جىمغۇر ئارمانغا.

يا ئەمەسسەن جەننەتتىكى پەرى نەسلىدىن،
ئىنساندىكى گۈزەللىكنىڭ بەرى سەندە جەم.
تالااپ يۈرۈپ، ئالغانمۇ سىن باھار پەسلىدىن،
قاچانلاردا تۇغۇلدۇڭ سەن، مەن ئۇچۇن ئەركەم!

مىنگىشەيلى ياشلىقتىكى ئارزۇ ئېتىغا،
سىڭىپ كەتسۇن پاك ئىشقىمىز كۆڭۈل قېتىغا!...

2

قىزلار ئۇچۇن ئەڭ كېرىكى، شەرمى-ھايادۇر،

## «مەھبۇس» بولۇپ قالغان مۇئەللىم

ياشلىرىمنىڭ نازۇك يىپلىرى،
چانىقىمدىن ئۈزۈلدى بىر رەت.
ئۆتۈنۈشكە تولغان چېھرىڭدىن،
ئۆكسۈپ كەتتى يۈرىكىم دەھشەت.
ئېھ مۇئەللىم! مىسكىن قەلبىڭگە،
دىل ئازابىم تۇغدى مۇھەببەت.

خالىي بولۇپ مىننەت تامادىن،
كۈن ئۆتكۈزدۈڭ سىرىقتال، ئۇدۇل.
مېھنەتلىرىنىڭ بولماي ئوبورۇت،
يانچۇقۇڭدىن يېتىرقىدى پۇل.
جاپايىڭدىن تۆرەلگەن كېسەل،
يۈرىكىڭنى قان قىلدى ئۇ يول.

نۇر بېرەتتىڭ قەلب قەسرىڭگە،
ئىلىم-پەندىن ياندۇرۇپ پانۇس.
ياخشىلىققا ئۈندەپ ئىنسانىنى،
ئۆگىتەتتىڭ ياشاشنى راۋۇرۇس.
يىقىلغاندا دوسكا تۈۋىدە،
كۆتكەنمىدىڭ بولۇشنى «مەھبۇس».

سىقىلغاندۇ بۇ كەمگە نەچچە،

# پەرۋازىمدا گۈللىتىمەن باغ

مەن باھارغا ئاشىق قۇش كەبى،
قانىتىمنى پەرلىدىم تاڭدا.
چېچەكلەرگە چىلاپ رەڭگىمنى،
ناخشا ئېيتتىم سۈزۈك ئاھاڭدا؟!

سۆيۈۋالدى ئىزلار قالدۇرۇپ،
يۈزلىرىمنى شىتىلە شامال.
شەبنەم بولۇپ قەلبىم بىتىگە،
سىم-سىم سۆيگۈ چۈشتى ئېھتىمال.

ياپيېشىل تاڭ روھىمغا ئەرمەك،
پەرۋاز قىلدىم بىر سۆيگۈ باشلاپ.
چەكسىز ئالەم كەڭلىكلىرىدە،
قېيىق ئاتتىم كەڭ غۇلاچ تاشلاپ.

# كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى

كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى،
كېتىپ قالسام خۇشمۇ دېمەستىن.
خاپا بولۇپ يۈرگەنچە دەرھال،
بۇ ئىشلارغىن چىقارغىن ئەستىن.

كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى،
بەرسەڭمۇ گەر چەكسىز ئىمتىياز.
كېچىلەرنى قوچارمەن غامكىن،
چىللىسىمۇ نەچچە رەت خوراز.

كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى،
سۆيەلمىدىم قېنىپ بىر قېتىم.
ئەلمىساقتىن بۇنداق بەختكە،
نائىل بولۇپ بېقىپتىكەن كىم؟

كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى،
سېنى ئوۋلاش ماڭا نە ھاجەت.
بىردەمچىلىك ئېزىتقۇ ھەۋەس،
بىر ئۆمۈرلۈك كەلتۈردۇ رەت.

كەچۈر مېنىڭ ساددىلىقىمنى،

ئىزتىراپقا تولغان يۈرىكىڭ.
ھايات شامىڭ ئۆچمەيدۇ ئەبەت،
(بولۇپ بېرەي ئىككى بۆرىكىڭ)
سەن ياشايسەن، باردۇر ئەۋلاتقا،
يۇرت-ۋەتەنگە كۆپلەپ كېرىكىڭ...

خاتىرجەم بول، سېنى «تۇرمە»دىن،
پات يېقىندا ئەيلەيمىز ئازات.
غۇرۇرىمىز سەندەك «مەھبۇس»قا،
«قوشۇن» تارتىپ، قىچقىرار غازات.
قايتىپ كېلەر يەنە مۇنبەرگە،
ئۆمۈرۋايەت بىلىمىڭ تارات.

# قاقشال دەرەخ

كەيدۇرمەپتۇ ساڭا باش-باھار،
يېشىللىقتىن پۈتكەن لىباسنى.
ئەسلەتمەپتۇ ئەپتى-سىياقىڭ،
گۈزەللىكنىڭ شاھى ۋېناسنى.

يىلتىزىڭدىن چىرىپسەن...دېمەك،
ھايات ساڭا ئاچماپتۇ چىراي.
بىر ئۆمۈرلۈك ماكانىڭ ئەمدى،
شورى ئۆرلەپ، قاغجىرىدىغان ساي.

قاقشال دەرەخ، تاتلىق چۈشۈڭنى،
ئوغۇرلايدۇ، تۇزلۇق زەي سۇلار.
قېتىپ قالغان تەبەسسۇمىڭگە،
ماتەم كۈيى قوڭغۇراق چالار.

تەلۋە بوران يىقىتىپ بىر كۈن،
قەبرىلەرگە بولارسەن شادا.
كېسىۋېلىپ باللار ياكى،
شىلتىپ يۈرۈپ، بېقىشار پادا.

كۈنلەر ئۆتۈپ بولامسەن تېخى،

كۆيۈپ قېلىش مۇھەببەت ئەمەس.
بەخت قۇچۇپ قەدىر كېچىسى،
نادانلىقنىڭ يىلتىزىنى كەس!...

# پىراقنى كۆيلەيدۇ دەردلەنگەن قومۇش

تەنھالىق مەن ئۆچۈن ئازابلىق تۇرمۇش،
روھىمنىڭ بەرگىدە ئۈنۈپتۇ شىۋاق.
چۆشلەرنى قوغلىغان قەدىمكە قومۇش،
نەي بولۇپ كۆيلەيدۇ سۆيگۈنى ئۇزاق.

چۆلدىكى تۆگىنىڭ كولدۇرمىسىدەك،
چىقىرار تاكسىنىڭ سىگنال ئاۋازى.
ئۈنىڭغا قىپ-قىزىل لىنتا چىگىلگەن،
تويۇڭغا ئاتاڭمۇ-ئاناڭمۇ رازى.

ئازابلىق كۈنلەرگە ئەستىلىك بولۇپ،
زەر ياغلىق تەكتىدە تۆكۈلەر يىشىڭ.
(ھۇمايۇن قەپەزدە سايرايدۇ مۇڭلۇق،
بوپ قالدى ئاقىۋەت زاغلار دەرت تىشىڭ)

پىراقنى كۆيلەيدۇ دەردلەنگەن قومۇش،
كۆيىدە بەختلىك كۈنلەرمۇ نازىل.
تەنھالىق مەن ئۆچۈن ئازابلىق تۇرمۇش،
گادايلىق سۆيگۈمنى چەيلىگەن قاتىل...

لاۋۇلدىغان ئوچاقتا تۇترۇق،
كۆللىرىڭنى تورىتار شامال،
تەقدىرىڭنى تۈگىتىپ تولۇق.

# بىۋاپاغا

يۈرىكىڭنى قەغەزگە ئوراپ،
چەكسەم ئەگەر قېنىپ بىر قېتىم.
تۈتۈنلەردىن ئالىدۇ نەپەس،
ئۇلۇغ تىنىپ خاتىرجەملىكىم.

# چۈش

قەلبىمدىكى ئىككىنچى ھەسرەت،
يىقىتماقتا رىئاللىقىمغا.
قانتىنى كېسەر ئەقلىمنىڭ،
قولۇڭدىكى پىچاق ۋە قايچا.

بوغۇچلانغان يېتىم باچكىدەك،
يۈرەر سەرسان روھىم پالاقلاپ.
سۆيۈپ قويماس چاك-چاك لېۋىگە،
بۇلۇت، يامغۇر،شامال ۋە ئاپتاپ.

چۈش...
روھىمدىكى تەنھا يولۇچى،
تەقدىرىمگە بارماقتا كىرىپ.
تاڭ پەيتىدە ئالىدۇ قارشى،
غېرىپ ئۆيۈم ئەلەملىك تىنىپ.

# ھايات يىلتىزى

ئايال، يىلتىز، تۇتاش كەتكەن روھ
ئالىمىمنى كېزىدۇ ھەردەم.
بولۇپ قالدى شەرتلىك بىر ئۇدۇم،
ئىزىڭ تامان جۈنىگەن قەدەم.
ئەبجەق ھېستا جۈيلىگەن تۇيغۇ،
مانانلاردا لەيلەيدۇ جانسىز.
يىلتىزىڭدىن تامچىلىغان قان،
يۈرىكىمدە ياسايدۇ ئەگىز....
ئايال-ۋەتەن، تۇغۇم ۋە ئۆلۇم،
تەڭرى بەرگەن بۈيۈك مۇئەمما.
چۇشەكەشتە شان-شەرەپ يېزىپ،
ئويغانغاندا يىرتىمەن يانا.
شۇنداق ساڭا شان-شەرەپ يېزىپ،
يىرتىدىغان تۇيغۇلار كۆپتۇر.
سېنى ئاتاي ھايات يىلتىزى،
كەل قېشىمغا ئامرىقىم،
كەپتۇر.....

# دۇنيا

كۆزلىرىمگە تاشلانغان دۇنيا،
تەبەسسۇمى بەكمۇ كۆڭۈلسىز.
يارىلانغان شىردەك ئۇ گويا،
تىپىرلايدۇ ھۆۋلايدۇ ئەنسىز.

كۆزلىرىمگە تاشلانغان دۇنيا،
قەدەھلەرگە كۆنگەن شاراب ئۇ.
ئىچىۋېتەر ھامان مەيخورلار،
ھايات كېسىمى بەلكى شۇنداقتۇ.

## باغچىدىكى ئۈچرىشىش

كەلمەكتىمدۇر ئاستا يېقىنلاپ،
يۈرىكىمگە مېغىززەك توپلەي.
ئۈمچەيمەكتە بېتون ئورۇندۇق،
يىغلىماقتا ئەسەبلىرىم، ھەي!

تونۇشمىغان ئىككى يۈرەكتە،
ئىككى ئاتەش كۆيەر لاۋۇلداپ.
كىملەرگىدۇر ئۈمتۈلسە بىرى،
بىرى يۈدۈپ يۈرىدۇ ئازاب.

ئىككى يۈرەك، ئىككى خىل دۇنيا،
ئۈچرىشالماس بىر نۇقتىدا ھەم.
كېتىۋەرگىن ناتونۇش قىزچاق،
سۆز تاشلاشقا جۈرئىتىممۇ كەم!...

كۆنلەر ئۆتۈپ قۇچارسەن بەخت،
ئايلىنىشنى قويۇپ بىھۇدە.
باغچىدىكى سەن، مەن ئۈچراشقان،
تۈنجى كۆنگە گۇۋاھدۇر سېدە.

# تونۇش يوللار

تونۇش يوللار ئۇزاق كەچمىشىنىڭ،
ھەسرەت باي داغدام يوللىرى.
بۇ يوللاردا پىراق تەشۋىشىنىڭ،
سالا-سالا غايىب قوللىرى.

بۇ يوللاردا ماڭسام قاچاندا،
ياندىشىدۇ بىر ساھىبجامال.
يۈرىكىمنى قوچۇپ ئارماندا،
داۋام قىلار ئەبەدى شۇ ھال...

# زىمىستانغا تۆكۈلگەن باھار

ئاجايىپ ئىش، يۈرىكىمگە ئوت كەتتى بىردىن،
قىيا بېقىپ بىر تەبەسسۇم قىلىشىڭدىن، يار.
قىش-زىمىستان كۆڭۈللەرنى باسسىمۇ قاردەك،
كۈلۈمسىرەپ قارىشىڭدىن تۆكۈلەر باھار.

چاقماق بولۇپ چېقىلغاندا ئىككى زەررە نۇر،
مۇسبەت قۇتۇپ تېپىشىپ ئۆتتى مەنپىي قۇتۇپنى.
ئەپقاچىمىدىڭ كۆزلىرىڭنى شۇندىمۇ، دىلدار،
ئۆزۈڭ ئاچتىڭ ئىشىق ئۆيىگە سالغان قۇلۇپنى.

ئەمدى سۆيگۈ لاچىنلىرى چىقتى ئەرككە،
خالىغانچە قانات قاقسۇن بۇ كەڭ سامادا.
جاكا قىلسۇن كائىناتقا سۆيگۈ سىرىنى،
«ئىككى ئاشىق ۋىسال تاپتى» دېگەن سادادا.

## يۈرىكىمنى بەرمە قايتۇرۇپ

كىرىپ كەلدىڭ مىسكىن كەپەمگە،
يۈرىكىمنى قايتۇرماقچىدەك.
ساڭا تەۋە بولغىنى نېكەم،
ئوت تەپتى بار، يالقۇنلۇق يۈرەك.

خىيالىمنىڭ نازۇك پىلتىسى،
ئېپ كېلىدۇ دىلغا پارتلاش.
ئويغاق تۇرۇپ كۆرگەن چۈشۈمنى،
ئېسى-يادىڭ قىلار خام تالاش...

بېكىنىمەن غېرىب كۆلبەمگە،
«ئاغرىق»ىدىن ۋايساپ قەلبىمنىڭ.
مەنلا تارتاي سۆيگۈ ئازابى،
ئېپ كېتىۋەر، يۈرىكىم مېنىڭ...

مىلڭ جىنىم بولسىمۇ ئاڭا پەيۋەندى.

ياشىسام ئۇلاردەك ھالال، تۈز كۆڭۈل،
ئادەملىك بەختىمدىن تۆكەلىسەم ياش.
ئۇلارغا مېھرىمنى تەكشى تاراتسام،
نۇرىنى سەپكەندەك تەكشى ئاي-قۇياش.

قولىغان بىر توقاچ بىرەلمىسەممۇ،
تۇتقۇزسام ئەدناسى بىر تال باشلىق دان.
ئۆگەتسەم شۇ باشاق بىر تال داندىنمۇ،
تەر تۆكۈپ ئەجىر قىپ ئىلىشنى خامان.

شۇ مېنىڭ بەختىمدۇر، (ئىنسانلىق بەختى)
ئالەمچە شادلىقتىن بىشىم ئاسماندا.
ئۇلار توي ئويىنسا يۈرىكىم مەمنۇن،
مەن شېئىر يازىمەن يۈرۈپ پىنھاندا.

بىر كۆلكە بىر قۇچاق شېئىر تۇغىدۇ،
پەپىلەپ ئالارمەن باغرىمغا ئۇنى.
ئەسەبىي يىغىمۇ ئاڭا ھامىلدار،
يىغا ۋە كۈلكىدە ھايات يەكۈنى.

شائىرلىق ئۇنۋانىم ياكى تونۇم يوق،

# ياشاش پەلسەپەم

شائىرمەن، ئاۋامنىڭ، ئەلنىڭ كۈيچىسى،
يازىمەن ئىشقىدا كۆيۈپ كۈنۈ-تۈن.
ئەل بەرگەن ئىلھامنى، ئەقىل-دىتىمنى،
سېزىمەن ئالەمدە ئۆزۈمنى پۈتۈن.

ئالەمدە ئىنساندەك گۈزەل شەيئى يوق،
گۈزەللىك يارالغان بولغاچقا ئۇندىن.
سېزەلمەس ئېيۋەنلەر قۇلاق، قاش-كۆزى،
ئېغىزى، يۈزلىرى، چېچى، بۇرۇن...دىن.

بەل، پۇتى، قوللىرى، (بارچە ئەزايى)،
ئاجايىپ كېلىشكەن، جەزبىكە بەك باي.
تۇرقىدىن بەختلىك سېزەر ئۆزىنى،
ئەينەكتە كۆرۈپلا پادىشاھ گاداي...

قۇلىقى ئاڭلىماس، پۇت-قولى باسماس،
بوپ قالسا، بۇ ھەرگىز سانالماس ئەيىب.
ھەركىمدە بىر كۆڭۈل شاھتۇر ئۆزىگە،
ئىنسانلىق بەختىدىن بولۇشار كەيىپ.
شۇڭلاشقا ئىنساننى ئۇلۇغلاپ نەزمە،
پۈتۈشكە بىر ئۆمۈر ئەيلىدىم ئەھدى.
رازىمەن ئۆلۈشكە ئىنسانلارنى دەپ،

# يېزىلمىغان خەتنىڭ داۋامى

ئېلىپ كېتەر نۇرغۇن ۋاقتىمنى،
يۇرىكىمدە يېزىلمىغان خەت.
ئاۋارىمەن ئوقۇپ بولالماي،
يۈكلىنىمۇ خىيالىمغا دەرت.

ئەستىلىكلەر سويۇلار بىر-بىر،
كەچمىشلەرنىڭ تۇتۇپ خۇمارى.
تاتلىق ئۇندە تامشىغان لەۋلەر،
يېزىلمىغان خەتنىڭ داۋامى.

جۇدالىقنىڭ ئۆرلەپ جۇدۇنى،
ئۇھسىنىمەن مىسكىن قەلبىمنىڭ.
ياۋايى قۇش كەتتى يىراقلاپ،
ئۇ تۇرمۇشقا تېخى كۆپ گۆدەك.

ئەنسىرەيمەن، چۆچۈيمەن پات-پات،
تەقدىرىدىن ئەسلىرىم بىھۇش.
يېزىلمىغان خەتنىڭ داۋامى،
بولۇپ قايتىپ كېلەرمۇ شۇ قۇش.

لەۋھەلەر ئاسمىندىم ئىشىك ئالدىمغا.
تونۇماس كۆپ كىشى مېنى شائىر، دەپ،
كۆر ئەمەس ناخشامغا، شوق دۇتارىمغا...

كۈيۈمگە پەقەتلا بىر ئۆزۈم ھەمراھ
ئاۋام، دەپ كۆڭۈلكەن تىلىمغا رەھمەت.
(تىلەيمەن ئۆمرىنى ئۇزۇن بولسۇن، دەپ،
تېنىگە مەڭگۈلۈك يولىمىسۇن دەرت.)

بۇ مېنىڭ مەڭگۈلۈك ياشاش پەلسەپەم،
ئۆمۈرلۈك ئەقىدەم چىقارغان يەكۈن.
بۇ قارار، ئەھدىمدىن ۋاز كەچسەم ئەگەر،
جىسمىمنى تاغ باسسۇن، قارا يەر يۇتسۇن!...

بۇ بىر كۈنۈڭ ئۆتتى مەنىلىك،
قايتىپ بېرىپ بىلىمىڭ تارات.

# قىممەتلىك سوۋغات

سەھرادىكى مۆئەللىمە قىز،
جۈنەپ قالدىڭ بۈگۈن شەھەرگە.
يېتىرقىما، كېتىۋاتمايسەن،
ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان مەھشەرگە.

يارىشىدۇ ئەتلەس كۆينىكىڭ،
كوچىسىدا ماڭغان ئۇياتچان.
چاچلىرىڭنى تاشلاپ يەلكەڭگە،
قەددىڭنى تىك تۇتۇپ ھەرقاچان.

چۈچۈپ كەتمە تونۇيالماي ھەم،
تىكىلگەنچە لاتاپىتىڭگە.
دۇكاندىكى تىكلىمە ئەينەك،
گۇۋاھ قىزلىق لاتاپىتىڭگە.

بولمىسىمۇ ئېگىز پاشنىسى،
لاتا كەشىڭ جېنىڭغا راھەت.
سودىلىقنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ،
يېتىرقاشنى دەرھال ئۇنتۇپ كەت!

سومكاڭدىكى دەپتەر قەلەملەر،
گۆدەكلەرگە ئاتالغان سوۋغات.

# پىچىرلا ئامرىقىم سۆيگۈ ھەققىدە

پىچىرلاش، سىھىرلىك، يېقىملىق بىر ئۈن،
پىچىرلاش، تەبىئەت تىۋشى گويا.
پىچىرلاش كۆڭۈلنى قىلىدۇ پۈتۈن،
پىچىرلاش مۇھەببەت مېۋىسى گويا.

پىچىرلا ئامرىقىم قۇلاقلىرىمغا،
ئاڭلايدۇ زەن قويۇپ تەن-تېنىم بۇدەم.
ئۇرۇلار ھىدلىرىڭ دىماغلىرىمغا،
باغرىمدا پىلتىڭلاپ تۇرىسەن ئەركەم.

پىچىرلاپ مەڭگۈلۈك ۋاپا ھەققىدە،
چىن سۆيگۈ تىلەيسەن، سورايسەن قەسەم.
بولدى قىل لېۋىڭگە سۆيەي چوككىدە،
شۇ ساڭا مەڭگۈلۈك ۋاپا ئەقىدەم.

# ئەقىدە گۈلىدىن ئەۋەتتىم دەستە

ئەقىدە گۈلىدىن ئەۋەتتىم دەستە،
مۇھەببەت لېۋىدە قويغىن سەن پۇراپ.
دىماققا ھىدلىرى چاچراتسا خۇش بۇي،
غەرق مەست بولغۇچە سۈمۈرگىن شوراپ.

ئەقىدە گۈلىدىن ئەۋەتتىم دەستە،
كۆچۈرگىن ئاۋايلاپ كۆڭۈل بېغىغا.
يىلتىزسىز بولسىمۇ قالار يىلتىڭلاپ،
ئىلاھى كۈچ تولار يۇمران بىخىغا.

ئەقىدە گۈلىدىن ئەۋەتتىم دەستە،
كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە باغلايدۇ شۇ گۈل.
قىيامىغا يېتىدۇ سۆيگۈ شىرنىسى،
ئىككى تەن سىڭىشىپ كېتىدۇ ئۇدۇل.

# چۈشۈمدىكى ئوغۇررەڭ قىزغا

چۈش بەرگىدىن ئۇزۇۋالدىم ئارزۇ مېۋىسى،
مەقامىغا يەتتى ئاخىر تىترەڭگۈ تىلەك.
پۇچۇلانغان قەلبىم ئارا يىغلايدۇ بىر قىز،
ھەسرىتىنى مېنىڭ بىلەن تەڭ تارتماقچىدەك.

قاناتلانغان خىياللارغا ئېسىپ لەۋھەلەر،
چۈمپەردىسىز مۇھەببەتنى ئەيلىدىم تاۋاپ.
روھ جىلۋىسى خىلۋەتلەرگە ياندۇرۇپ پانۇس،
تەشۋىشىمگە سوۋغا قىلدى قان رەڭگى شاراپ.

چۈشىنىكسىز ئىستەك بىلەن خەجلەپ نومۇسنى،
قول ئۇزارتتىم چۈشۈمدىكى ئوغۇررەڭ قىزغا.
تورمۇزلانغان پاك يۈرەكنىڭ ئوت ئېپ موتۇرى،
تىزگىنىنى قويۇپ بەردى چۈشۈرمەي ئىزغا...

رېئاللىقنىڭ رىيازەتكە ھامىلىدار پەيتى،
رەڭسىز سۆيگۈ سىماسىنى ئالارمۇ پۈركەپ.
تەشۋىشىم يوق، چۈشۈمدىكى ئوغۇررەڭ قىزغا،
ئازاپلانغان يۈرىكىمنىڭ بېرىمەن سۆزلەپ.

# چىن سۉيگۅنى تىپىۋال ئەمدى

سەلكىنىڭدە سەگىگەن يۅرەك،
ئارمىنىڭنى كەتتى هاپاشلاپ.
ئۇ سۉيگۅدىن بىرىدۇ دىرەك،
مۅهەببەتنى قەلبىڭگە باشلاپ.

تەنتەكلىكىڭ چىقاردى تارتىپ،
بالىلىقىڭ چوڭقۇر غاردىن.
كۉتۅرەلمەس يۅكلەرنى ئارتىپ،
جەسۇر قىلدى سىنى قايتىدىن.

سىناقلىرى كۉپتۅر سۉيگۅنىڭ،
بالىلىققا قايتما ئەبەدى.
بىلسەڭ پەقەت مەنلا سۉيگۅنۅڭ،
چىن بەختنى تىپىۋال ئەمدى.

# چالا ساۋات ئىكەنمىز ئۇقسام

تەنھالىقنىڭ غېرىب ھۇجرىسى
خىيالىمغا پۈتمەكتە قانات.
ئۆزۈم يالغۇز چىقارماقتىمەن،
«تۇرمۇش» دېگەن بىلىمدىن ساۋات.

ئۇزۇلمەس تار ئۇزۇلدى بۇگۈن،
ناخشىلىرىم قالدى ياش تۆكۈپ.
ئەسەبلىرىم قايغۇ چايقايدۇ،
يۈرەكلىرىم كەتكەندە ئۆكسۈپ...

سەن نەلەردە يۈرۈپ بۇ كېچە،
تىلىدىڭكىن كىملەردىن پاناھ؟
كۆزلىرىڭدىن يامرىغان قىيان،
ياسىغاندۇ يوگەنسىز دەريا!

مەلۇماتلىق بولساقمۇ ئالىي،
ئېتەلمىدۇق كۆڭۈلنى تاتلىق.
تۇرمۇش دېگەن بىلىم يۇرتىدا،
بىز ئىكەنمىز چالا ساۋاتلىق.

# كەچكۇزدىكى بىر تال يوپۇرماق

كەچكۇزدىكى بىر تال يوپۇرماق،
تەۋە بولۇپ قەدىم ئۆتمۈشكە.
قىپ-يالىڭاچ تىترەيدۇ غال-غال،
يىپىشقانچە بىر تاتلىق چۈشكە.

ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق چۈشى،
ئۇزۇن ئۆتمەي بولىدۇ بەربات.
ياكى بىر تاڭ چىلىلىسا باھار،
جىلۋە قىلار سۆيۈملۈك ھايات.

بۈگۈن سەھەر، سىم-سىم يامغۇردا،
بۈژۈلدىغان پىۋا كۆپۈكى.
باش قويغىنىم پەرىزات ئەمەس،
ھالسىز تىنغان پىۋا كۆپۈكى...

## بۈگۈن سەھەر سىم-سىم يامغۇردا

بۈگۈن سەھەر سىم-سىم يامغۇرنىڭ،
ئۈۋىسىدا قاپتىمەن ئۇخلاپ.
تولغىنىشتا ئۇھسىنىپ ئۇزاق،
چۈشلىرىمنى قاپتىمەن يوقلاپ.

پەرىزاتقا ئايلىنىپ بۇدەم،
بۈزۈلدىغان پىۋا كۆپۈكى؛
بولۇپ قاپتۇ قىرىق كۇكۇلا،
ئېتىزدىكى قوناق پۆپۈكى.

ماڭلايدىكى ئاشۇ سىپكىلەك،
تونۇگۇنلا ئۈچ تارتقان تېخى.
يۇلتۇز ئەمەس ئىدى جۇپ كۆزلەر،
پارلىمايتتى قۇياشتەك سېخىي.

بۈگۈن سەھەر، ئۆزۈمنىڭ ئوماق،
پىۋىسىغا يۆلىنىپ ئۇزاق.
كۆرۈپتىمەن ئالەمشۇمۇل چۈش،
چۈش بەرگىگە قاپتۇ ئىلىنىپ،
مەستلىكىدە غىلغايغان قاراق...

تۇيۇشىڭنى چىقارما بۇ دەم،
ئېلىشالاي سەندە بارىمنى.
يۈرەكلىرىم سېنىڭدە شۇدەم،
ئاشۇرىسەن يەنە زارىمنى.

چۈشىنەتتىم كۆڭۈل ئاياشنى،
يۈرىكىڭنى قىلغاندا ئىزهار.
سېنى بۇدەم يار، دەپ ئاتاشنى،
ئەمدى نېسىپ كۆرمەيمەن زىنهار.

سۆيگۈمنى بەر، يۈرىكىمنى بەر،
دىلدا قەررىم قالمىسۇن بىر تال.
يۈرىكىمنى قايتۇرمىساڭ گەر،
ياشىشىمغا يوقتۇر هېچ ئامال.

ئۇندىن ئۆزگە ئالار نەرسەم يوق،
تىلىمەيمەن سۆيۈشنى هېسىز.
ئالسام بەرگەن قەلبىمنى تولۇق،
شاتلىنىمەن بىر پۈتۈن ئەي قىز.

بەختىڭ ئۇچۇن تۇنگەن بەختىم،
دوزاخ بولۇپ تۇيۇلدى بىر رەت.
غۇبارسىزدۇر سەن سۆيگەن قەلبىم،

# يۈرىكىمنى قايتۇرغىن قىزچاق

1

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ قىسمىتىم،
مەھكۇملۇقتىن ئالدىن نېسىۋە.
شۇنچىلىكمۇ قەدىر-قىممىتىم،
ئەجەب چاندىڭ، سەۋەبى نېمە.

قوقاس قىلىپ بۇ پاك يۈرەكنى،
ياققان ئوتنى ئۆچۈردۈڭ ئۆزۈڭ.
بۇرۇختۇم قىپ نۇرلۇق تىلەكنى،
شۇملۇق تىلەپ چەكچىيەر كۆزۈڭ.

قىسمىتىمىز ئەمەستۇر ئوخشاش،
سەنغۇ خوشال، مەن بولدۇم ئوسال.
يۈرىكىمگە ئورالغان شۇ تاش،
غۇلىتىدۇ دەريالاردا سال.

2

ئەي تاش يۈرەك سەنىڭ ماڭا،
چاقچاق قىلىپ كولدۇرلاتقان بەك.
ئىللىق سۆزۈم ياقمىغاچ ساڭا،
ھەر قەدەمدە تارقاتتىڭ ئۆسەك.

«مەڭگۈ بىللە ئۆتەيلى» دېگەن،
قەسىمىڭنى يادلىدىم جېنىم.
يۈرىكىمنى بەزلەپ ۋە بەزەن،
سۆزلىرىڭنى تەكرارلاپ تىلىم.

ئۆيلىمىغان تېپىپ كېتەر، دەپ،
قەسىمىڭنى بىلىپ مەن بىر تاغ.
مەن ھەيرانمەن، ھەيرانمەن ئەجەب،
رىشتىڭنى سەن ئۈزدۈڭكىن قانداق؟

4

سەندىن ئۈمىد ئۈزگەندىن بېرى،
يۈرمەكتىمەن يىگانە، تەنھا.
مۇھەببەتنىڭ ئوتلۇق كۈيلىرى،
بىلىنمەكتە گويا مۇئەمما.

مەيلى يۈرگىن، چۈشكۈن خىيالدا،
مەيلى يۈرگىن، ۋىجدان نومۇس ئار.
مەيلى يۈرگىن بەختىڭ قارامدا،
مەيلى ئەزىز بولغىن مەيلى خار.

5

بۇ ھەممىدىن قەلبىڭدىكى داغ،

مەن سۆيگەنچۇ؟ بىر يېرىپ كۆرسەت.

قايسىمىزنىڭ ئىكەن ھاۋالىق،
قايسىمىزنىڭ بۇرۇختۇم پەقەت.
قايسىمىزنىڭ سۆيگۈ ناۋالىق،
قايسىمىزنىڭ ئورۇنسىز سەپسەت.

بەختىمىز كۈيلىگەن كېچە،
ئىدىڭ شۇنداق قەيسەر، بىجىرىم.
قەسەملىرىڭ ئىدى ئۆزگىچە،
سۆيۈنگەنتى ئاھ مېنىڭ جېنىم.

مۇسىبەتلەر تولغان مازاردا،
ياتماقتىمەن روھىسىز ۋە زەئىپ.
بىجىرىممەن، گاھى-گاھىدا
ھوش-كاللامدىن كېتىمەن ئېزىپ.

3

ھېلىقى كەچ ئېسىمدىن چىقماس،
تال باراڭلار ئېتەك يايغان چاغ.
كۆزلىرىمىز ئەسلا قىيالماس،
پىنھانلىقتا ئورالغاندا باغ.

# مەن ئۆزۈمگە شەكىلسىز قاتىل

ئۆز-ئۆزۈمنى بولدۇم ئۆلتۈرمەك،
ئىبە ئۆتمۈشكە تەۋە ھەممىنى.
سۇغۇرمىدىم غىلاپتىن پىچاق،
ئىزلىمىدىم گۇگۇم پەيتىنى.

تۇتقىنى يوق ياكى خۇمارىم،
جان تىلىگەن ئوغا-زەھەرگە.
مەن ئۆزۈمگە شەكىلسىز قاتىل،
تەۋەككۇلچى تاغدەك خەتەرگە.

تەننى قايتا چۈۋۈپ ياسايمەن،
تۇرگۇم روھنى پاكلاپ قايتىدىن.
شاخلىتىمەن ئەقىل-ئىدراكنى،
سۇزۇپ ئىلىپ يۇندا-لايقىدىن.

ياخشىلارغا ياندىشىپ يولدا،
لىزگىن، مەغرۇر تاشلايمەن قەدەم.
ئىزلىمەڭلار، ئىلگىرىكى «مەن» يوق،
ھازىرقىسى «بەختلىك» ئادەم...

كۆزلىرىڭدە ئاچچىق كۈلكە ھەم.
سەن ئۆزەڭگە ئىشەنگەن شۇ چاغ،
بىلسەڭ ئىدى ئۆتكىلى نىكەم.

يوقاتقاندا گۈل ياشلىقىڭنى،
تەنتەكلىكىڭ كەلتۈردۇ دەرت.
ئۈمىدسىزلىك سىنى ھەم مىنى،
بىر يولدىلا ئەيلەيدۇ لەھەت.

ئىچىنمايمەن ئۆزۈمگە ھەرگىز،
يەنە سەنچۈن چىكىمەن ۋايىم.
گەپ ھار كەلمەس ساڭا بىر ئىغىز،
كىپىنىڭنى پىچسۇن خۇدايىم.

# مەن

مەن...
كۆكسۈڭدىكى ئوغۇززەڭ شاراب،
تىنىقىڭدا تولىگەن قۇش ھەم.
كۆزلىرىڭدە ئىلاھىي يۇلتۇز،
كىرپىكىڭدىن قاڭقىغان شەبنەم.

مەن...
قاشلىرىڭدىن قاڭقىغان ھىلال،
چېھرىڭدىكى ساخاۋەتلىك نۇر.
چۈشۈڭدىكى تاتلىق شۇئىرلاش،
يۈرىكىڭدە تۈنىگەن غۇرۇر...

مەن...
چىنارىڭدا شاىلىغان نوتا،
دىمىغىڭدىن تارالغان ئەمبەر.
ھەلقۇمىڭدا چېچەكلىگەن جان،
بىر نۇقتىدا كېسىشكەن چەمبەر!
مەن...

# بىر ئوت بار...

بىر ئوت بار، يالقۇنلۇق تىلەكتىن پۈتكەن،
قاناتلىق خىياللار ئاڭا مۇجەسسەم.
كۆيگىنى تىلسىملىق جەزىرە ئەمەس،
كۈلپەتنىڭ كۆزىدەك يۈرەكتىكى غەم.

بىر ئوت بار، ئاتەشلىك پېچتا تاۋلانغان،
سۆيۈشنى ئۆمۈرلۈك ئەتكەن تىل-تۇمار.
ئىنتىلەر چەكسىزلىك ئالىمى ئىچرە،
بېسىلماس ئەبەدىي ئۈندىكى غۇبار.

بىر ئوت بار، رىيازەت ئاڭا ھامىلدار،
ئۆمۈرلۈك قايغۇ-دەرد ئۇنىڭ شېرىكى.
مەھكۇم روھ قېتىدا تۇرغان چوغلىنىپ،
ناتىۋان شائىرنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى...

# سونېت

مەن چۈش بولۇپ خىيالىڭنى چىرمىدىم،
تىنىقىڭدا سۆيگۈ چەكتى ئىزتىراپ.
ۋەسلىڭ ئىزدەپ باغلىرىڭغا كىرمىدىم،
ئۆزۈم ئاچقان شورىلاردىن مارىلاپ.

چىغىر يولۇم ئۆكسۈپ قالدى، نىهايەت،
ئۇنىگەن چىغى ئاڭا تىكەن-نەشتەرلىك.
توسالغۇلار بولدى بىرگە كۆپ-غايەت،
غۇرۇرۇمغا ئېغىر كەلدى چىن ئەرلىك.

چۈش كۆرىمەن مەنمۇ سېنىڭ چۈشۈڭدەك،
كۆمۈلىمەن چۈچۈك-تاتلىق ھېسلارغا.
قونسام دەيمەن قوللىرىڭغا قۇشۇڭدەك،
بوي بەرمەستىن، زەھەر تىلىلىق بىسلارغا.

ئۇچۇپ كەتسەك يىراقلارغا پەر قېقىپ،
سەرسان روھلار دىل پايىگە بولسا جەم.
رېئاللىقتا نۇرلۇق تاڭغا تىك بېقىپ،
سۆيگۈ قوچۇپ ئۇچۇپ كەتسەك، نېمە غەم!

ئىككى يۈرەك قوشۇلماقنى ئىستىسە،
تۇگىمەمدۇ قايغۇ، تەشۋىش، غەم-غۇسسە.

# شائىرنىڭ خىيالى

يېزىپ قويسام ئېزىپ قالغاندەك،
ئانچە-مۇنچە قەغەزنى بوياپ،
شائىرمىكىن دەپ قالما مېنى.
خىيالىمدا كۈن چىققان كۈنى،
قۇياشتا مۇز توڭلاپتۇ دېسە

كۈلۈشىدۇ بەزى ئادەملەر،
بىلەر پەقەت شائىرلار بۇنى.
پەلەك ھەتتا چۆرگىلىسە تەتۈر،
غەربىي ياقتىن چىقسىمۇ قۇياش،
بىز شائىرلار ئوڭشايمىز ئۇنى.

# تارام-تارام...

1

تارام-تارام ياشلار تۆكۈشۈڭ،
ئويغاتمىدى قەلبىمدە مۇڭ غەم.
كىملەرنىدۇر تىللاپ سۆكۈشۈڭ،
خىيالىمنى سەگىتتى شۇ دەم.

2

تارام-تارام تۆكسەڭمۇ ياشلار،
كەچۈرمەيمەن سېنى، ئەي دىلدار.
كار قىلمايدۇ دەزگە ياماشلار،
ئىلگىرىدەك ئەمەسسەن رەڭدار.

3

تارام-تارام تۆككەنتىڭ ياشلار،
بەختىمىزنى كۆيلىگەن كېچە.
ئاھ ئۇنتۇلماس ئوتلۇق قاراشلار،
لەرزەتلەرگە چۆمدۇرگەن كېچە.

4

تارام-تارام تۆكتۇم مەنمۇ ياش،
سەن تۆككەندە مېنىڭدىن چېنىپ.

# يۈرەك سۆيگۈسى

سىڭىپ كەتتىم پۇراقلىرىغا،
ئىپار كەبى ئانا تۇپراقنىڭ.
مەپتۇن بولدۇم ناخشىلىرىغا،
تەڭگە بولغان يېشىل ياپراقنىڭ.

كۆزلىرىمدە نۇرانە ئۇچقۇن،
پەۋەس دىلىم يېشىل دۇنياغا.
قەلبىمدە بار پەخرى بىر ئورۇن،
بۇندا ئۆسكەن ھەربىر گىياغا.

سېھىرلىدى قەلبىمنى بۇدەم،
زەڭگەر كۆكنىڭ مەيىن جىلۋىسى.
پارلىماقتا ئىقبالىم-ئەتەم،
ئانا قىلىپ ھاياتلىق ھېسى.

كۆزلىرىمدە چاقنايدۇ بىر نۇر،
چىللار مېنى قۇياشلىق ئاسمان.
يۈرىكىمدە ھاياجان ھۇزۇر،
ۋىسال تاپقاچ مەندىكى ئارمان.

# ئۇستاز بولماق تەس

ئالەمنىڭ سىرى كۆپ، ئۇلۇغ مۇقەددەس،
قوزغىتار دىللاردا ئىشتىياق ھەۋەس.
يېشىمى مۇئەللىم ھېكمىتىدە، بەس،
لېكىن ئۇ شۆھرەتكە ئېرىشكەن ئەمەس،
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

گۆدەكلەر تۇرۇشسا مۆلدۈرلىتىپ كۆز،
لېۋىدىن تامچىتىپ گۆھەر كەبى سۆز،
كۆرسىتەر ئۆزىنى «ئاتا»دەكلا ئۆز،
«ئۇ ساپان سۆرىگەن تىنىمسىز ئۆكۈز»،
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

مىنۇتتەك ئۆتكۈزەر سەككىز سائەتنى،
كىتاپلار ئىچىدىن ئىزدەپ راھەتنى،
ئاي-يىللار ئەگىسمۇ تۈپ-تۈز قامەتنى،
تاۋلىغان چىدامنى غەيرەت-تاقەتنى.
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

كېچىلەر تاپشۇرۇق تەكشۈرسە تىنماي،
خورىغاي نەچچە شام، چىراق، پىلىك، ماي.
راھەتلىك ئۇيقۇدا ئىشلەمچى-مالاي،
مەكتەپكە ماڭدىغۇ ئۇستاز كۆز يۇماي.

ئەپۇ سوراپ كەپسەن قاراقاش،
شۇ تۇرقۇڭغا قالدىم ئىچىنىپ.

5

تارام-تارام يېشىڭنى كۆرۈپ،
يۈرىكىمگە بەرگىن سەل ئارام.
كىملەرنىڭدۇ مەڭگۈلۈك سۆكۈپ،
يۈرۈۋەرگىن بىچارە قوزام.

ئۆيدىكى نەچچە جان ئاڭا قاراشلىق،
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

پۇل يىغىپ ئاددىيلا سالالمىدى ئۆي،
ھېيت-بايرام، ئايەمدە سويالمىدى قوي،
«قىزى»نى ياتلىق قىپ بېرەلمىدى توي،
«ئوغلى»مۇ خېلىلا تارتىپ قالدى بوي.
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

كىيگىنى مودىلىق ئەمەس ئۇستىباش،
نامىدا «ئايلىقچى» تەگمەيدۇ مۇئاش.
قولىغا ئالغىنى تۆت كۇنلۇككە ئاش،
شۇ سەۋەب بويتاق بوپ قالدى نەچچە ياش،
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

مەكتەپنىڭ يېرىگە سالدى جىرىمنى،
كۆچەتلەر ئەي بولۇپ قىلدى گىرىمنى.
دىمىدى بىكارغا تۆكتۈم تەرىمنى،
يانچۇققا سالمىدى قىلغان كىرىمنى.
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

ھەممىدىن يامىنى سىلىق پۇلىسى،
«گەدەن»گە مىنىدۇ تەڭدىن تولىسى.
بەزىدە يىغىشقا يەتمەس چولىسى،
شۇڭلاشقا ئۇندىن نەق، كىشىدە نىسى.
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

دېھقانىنىڭ كۆنلىرى ھايۋاندىن بەتتەر،
كوزىرى ئازغىنە قولىدىكى يەر.
پۇل دىسە ھال ئېيتىپ لىۋىنى چىشلەر،
ئۆتىدۇ كىلەر، دەپ ھوسۇلدىن خەۋەر.
جاھاندا ھەممىدىن ئۇستاز بولماق تەس.

ئوتتۇز كۈن تەر تۆكۈپ ئالغىنى چاغلىق،
يىگىنى ئەمەستۇر ۋە ياكى ياغلىق.
يىرى يوق بىر مو، بۇغداي قوناقلىق،

# گۈلباھار

ماڭغىنىمغا ئۈكۈنۈشۈم يوق،
ھويلاڭ ئىچرە يوللىرىم ئۇزاق.
گۈلباھارنى سۆيگۈچە ئۇپۇق،
توختىماستىن باسمەن ئاياغ.

سىردىشىمدۇ غايىب بىر دىلدار،
چۈشلىرىمدە مەن بىلەن خۇشخۇي.
گاھ ئويغانسام ۋە بولسام بىدار،
گۈللىرىڭدىن تارايدۇ خۇشبۇي.

ئاشۇ سۈرەت، ئاشۇ بىر دىلدار،
ئۆزۈڭدۇرسەن، ئۆزۈڭ دىلبىرىم.
ھىجرانلارغا چاقتۇرما زىنهار،
خۇن بولمىسۇن مىنىڭ دىللىرىم.

## سەن چىقمىدىڭ نېچۈن بېغىڭغا

ئۇن سەككىزگە كىرگەن چېغىمدا،
ۋۇجۇدۇمدا ئويغاتتىڭ سېزىم.
تام كەينىدە، پىنھان بېغىڭدا،
تالاي-تالاي قېپقالدى ئىزىم.

قوغلاپ كەتتى ئاناڭ بەزىدە،
شورا ئاتلاپ كىرگەن ئوغرى دەپ.
تۈن تەڭگىچە يۈردۈم مەلەڭدە،
ئىنسابىڭغا يۇمشاقلىق تىلەپ.

شورا ئاتلاپ كىرگەن ئوغرىنى،
سەن چىقمىدىڭ نېچۈن تۇتقىلى.
سېھىر بىلەن باغلاپ كۆزۈڭنى،
تەييار ئىدىم مەيلىڭ ئۇتقىلى.

# كۈي...

شۇنداقلا ئۇچرىشىپ قالدۇقمۇ دەيلى،
ئاھ ماڭا تەبەسسۇم قىلارسەنمۇ يار؟
ئالدارسەن، ئالداشقا كۆنگەن تۇپەيلى،
يۈز بېرەر پاجىئە تەكرار ۋە تەكرار.

كىم سەندىن تىلىگەن مەندەك تىلەكلەر؟
ئۆزۈڭگە ئۆمۈرلۈك ھېزى بول دېگەن.
ئېۋەن كۆپ سېنىڭدە، ياپار ئېتەكلەر،
شۇ ئېتەك ئەسىدە ئۆلپىتىڭ ئىكەن.

# بىز سەيلىدە يۈرىمىز خوشال

بىز سەيلىدە يۈرىمىز خوشال،
سۆيگۈمىزدىن يۈرەكلەر ۋولقان.
ئېڭىمىزدا بىر شېرىن خىيال،
ئۆركەشلەيدۇ تومۇرلاردا قان.

ئۆركەشلەيدۇ تومۇرلاردا قان،
سىرلىرىمنى سۆزلەيدۇ يۈرەك.
مۇھەببەتنى كۆزىمىز ھامان،
يۇلتۇزلارغا قىلىدۇ كۆرەك.

يۇلتۇزلارغا قىلىدۇ كۆرەك،
ئەقىدىنى شۇ كۆز ھەربىر دەم.
ئۇپۇق تاڭدا ئاچقۇچە چېچەك،
سەيلىدە بىز، قەدەملەر بەردەم.

# تاشلاندۇق ياپراق

دېڭىزىمدا سەن ئىدىڭ كېمە،
مەن ياماشقان ئۇندا خاداڭغا.
تۇنەشلەردە چۈشلىرىڭ ئارا،
نەچچە تۇننى ئۇلىغان تاڭغا.

كۆل قوينىدا سەن ئىدىڭ بېلىق،
قارمىقىڭدا ئىدىم مەن يەمچۈك.
يېگىنىڭدا مېنى ئالدىراپ،
سورىمىدىڭ دەپ:«ھالىڭ نېچۈك؟»

بۇلىقىمدا سەن ئىدىڭ پەرى،
ۋە پەرىدەك يۈيۈندۈڭ ئۇزاق.
قېقىنىۇستەك گۈزەل قەددىڭنى،
قوغدىغانتى كىرپىكىم ياراق...

ئېرىقىمدا نېچۈن سەن بۇگۈن،
بولۇپ قالدىڭ تاشلاندۇق ياپراق؟
ھۆركىرىدىم، تاشالمىدىم ھېچ،
يۈرىكىمنى ئەزگەچكە پىراق.

قېنى ساڭا باش پاناھ تىرەك،
ئەركىلىتىپ سۆيگەن شوخ سابا؟!

# ئوۋچى ھېسلار

بولۇپ سەيياد، بولۇپ بىر ئوۋچى،
ئېلىۋالدىڭ مېنى ئىلكىڭگە.
يۈرىكىمدە ئىشقىمىنىڭ كۈچى،
غوۋغا سالار سېنىڭ ئەركىڭگە.

مۇھەببەتكە كۆنۈك بولسامۇ،
كۆنەلمەيمەن قولدەك باغلىنىپ.
ھىجرانىڭدا بىۋاق ئۆلسەمۇ،
يۈرەلمەيمەن نىمجان چاغلىنىپ...

## موماي بولۇپ قالساڭ ناۋادا...

مەكتىپىڭگە كېتىۋەر تەمكىن،
يوللىرىڭدا سانسىز تەبەسسۇم.
ئېچىرقىغان قەلبلەر ساڭا،
يېپىشىدۇ ئەركىلەپ چوقۇم.

قىزارغاندا ئۇپۇق جىيىكى،
پەيدا بولۇپ سەھەرادا سەھەر؛
مەكتىپىڭگە ياقىسەن چىراغ،
ئەتراپىڭنى قىلىپ مۇنەۋۋەر.

تەكرارلانغان ئۇشبۇ ھېكمەتتىن،
كېلەچەكنى تۇرىسەن تارتىپ.
يېتىلىدۇ ھېسابسىز ئەۋلاد،
يەلكىسىگە يۈكلەرنى ئارتىپ.

بولۇپ قالساڭ ئۇ چاغدا موماي،
(ئېغىرلىشىپ قالسا ئايىغىڭ):
مەن بولىمەن، مۇئەللىم قىزچاق،
ئىككىلەنمەي ھاسا تايىقىڭ!

سىلىۋالاي سېنى قەلبىمگە،
ئېھ بىچارە مىسكىن، دىلرەبا!

# غەزەلـلـەر

# يوق

نىگارىم تۇرسا يانىمدا، مېنىڭدەك كاتتا ئىنسان يوق،
نىگارسىز بىر دەقىق شاتلىق، قۇچۇپ ئۆتمەككە ئىمكان يوق.

ئۇنىڭ باغرى قەسەملەر شەربىتى ئاققان بۇلاق يەڭلىغ،
چۆكۈپ كەتسەم بۇلاققا، يۈرەكتە قىلچە ئارمان يوق.

ۋاپا ئەيلەپ قەسەملەرگە مېنىڭ قەدرىمنى تاغ قىلدى،
بۇنىڭدەك بولمىغاي هەر تاغ، چىقىشقا مەڭگۈ دەرمان يوق.

لەتافەپ، خۇش زىبالىقتا جاهان ئەهلى ئاڭا قايىل،
شېرىن سۆز، شوخ زۇبانلىقتا ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئالغان يوق.

سۆزى هەم هەرىكىتى بىردەك، دىلى سۇدەك سۇزۇك پاكىز،
سۆيۈشكە مەن كەبى يارنى، مۇناسىپ پاك يارالغان يوق.

# يار

قىپ سالام باش ئېگەي مەن مېھرۇ-ئاپتابىڭغا يار،
زەپىرىغان چېھرىمگە، قۇۋۋەت بەرگۈچى ئابىڭغا يار.

سەن گۈزەللەر تاجىسى شاھلار ئېلىنىڭ كۆزىدە،
بىر نەزەر ئەت جان بېرەي، ئاجىز بۇ غۇلامىڭغا يار.

ئوردا-قەسىرىڭ يەتتە قات ئاسمان پەلەكنىڭ ئۈستىدە،
نەچچە رەت يىرىلدى باشىم سەجدە قىپ تاغىڭغا، يار.

ئاڭلىسام بېھىشتە تۈنەيدىكەنسەن، يالغۇز ئاھ ئۇرۇپ،
مېنى پەس كۆرمەي قىلىۋال پاسبات، باغىڭغا يار.

سېنى قوغداشتىن سىرت، دىلكەش بولۇپ كۆڭلۈك ئاچاي،
رام قىلىپ مەيلىڭ ئۆزۈمگە، مۇڭ بېرەي سازىڭغا يار.

بۇلبۇلى شەيدا بولۇپ، بەرگىڭ ئارا سالسام ئۈۋا،
ئارمىنىم، تەگسە ئېغىز جۈپ ئالما-ئانارىڭغا، يار...

قوغلىساڭ رەنجىڭ سېنىڭدىن، چۆلنى ئەتمەسمەن ماكان،
تىنچ تۇرۇپ چىقماسمەن قارشى، ئەمرۇ-پەرمانىڭغا يار.

ئۆلتۈرۈش بولسا ئويۇڭ، دار ئاستىغا ھازىر ئۆزۈم،

# دىلبەر

مېنىڭ ئادەملىكىم مەخپىي، شامالّلاردىن سورا دىلبەر،
شامالّلاردىن سويۇلغان يولغا قىيا بېقىپ قارا، دىلبەر.

بۇگۈن تاتلىق قىيان بولسام، ھەسەللەر بەھرى دەپ ئويلاپ،
ئۆزۈڭ ھەرە بولۇپ بالدىن سۇمۇرگىن، ھە...شورا دىلبەر.

ئۆگۈنلۈككە نېمە ھالدا، بۇنى ئويلاشقا ئاجىزمەن،
چوقۇم ئازغان، تىكەن، ياكى گۆشى ئاچچىق غورا، دىلبەر.

بەزەن، شەبنەم بولۇپ تاڭ پەيتى گۈللەر بەرگىنى سۆيسەم،
سۆيۈلدۈم مەنمۇ ئاغزىڭدا، يەنە كۆكسۈڭ ئارا، دىلبەر.

ۋە ياكى چۆلدە قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بۆرە، يىلپىز،
ھايات تەشناسىدا باغرى ئېزىلگەن خۇن-يارا، دىلبەر.

گۈزەلنى گۈل سۈپەت دەيدۇ، بولۇپ گۈل مۇڭداشتى بۇلبۇل،
سۆيەي لېۋىڭگە خۇش ھىد بوپ، تەبىئەتكە تازا، دىلبەر.

مەگەر، مەۋھۇملۇقۇم قوزغاپ دىلىڭدا ئىشتىياق، چەكسىز،
سېغىنىدۇرسا، سالام يوللا سابالاردىن بارا، دىلبەر.

# سېغىندىم مەن تاياقىڭنى...

ۋەتەن قەدرىڭ ئۆتتۆلدى بەك، سېغىندىم، ئېھا! قوچاقىڭنى،
كەچۈر مەندەك ئەقىلسىز-دۆت، دېۋەڭ تۆزكور قاچاقىڭنى.

تېنىمدىن جان-مادار يوتتى، توپاڭنى سۈرمەيىن كۆزگە،
دىلىمدا يادلىدىم ئاش-نان، تۈزۈڭ، كەپەڭ، ئوچاقىڭنى.

دىماغىم ھىدلىرى ھەركۈن، سەھەر چىققان شامالاردىن،
كاۋاپ-قويماق، پولو-لەڭمەن...كەبى ھەرخىل تاماقىڭنى.

باغ دەپ بەرگىنىڭ يەتمەي، بېشىڭغا تەگلىدىم توقماق،
گېلىڭغا سانجىماق بولدۇم، ئۆزۈڭ بەرگەن پىچاقىڭنى.

تېرىپ پىتنە، توقۇپ تۆھمەت، يولۇڭغا ئورىلار قازدىم،
گويا كى جىنغا ئوخشاتتىم گۈزەل ھۆسنى-جامالىڭنى.

مانا جۆيلۈپ يۈرۈپ ئەلنىڭ غەزەپ-نەپرەتلىرى ئىچرە،
پۇشايمان، ياشقا تولدۇردۇم، كۆزۈڭنى جۇپ بۇلاقىڭنى.

يۈزۈمنى ئۆرۈدۇم ھەتتا چىقىپ كەتتىم يىراق ئەلگە،
غېرىبلىق پەنجىسى چىرماپ خاراپ ئەتتى سىياقىڭنى.

ۋەتەن ھەيۋەت، ۋەتەن جەننەت، ۋەتەن بىزنىڭ مەككىمىز،
ئۇنى مەڭگۈ تاۋابگاھى بىلگەنلەرگە ئېھتىرام...

باشنى كېسىپ چوقۇغايمەن تەننى كانارىڭغا، يار.

يىل ئۆتۈپ، ياشلىق كېتىپ، پۇشماندا ياش تۆسەك ئۇزاق،
ياش تۆكەي مەنمۇ بولۇپ ئورتاق سېنىڭ زارىڭغا يار.

كۆز يۇمۇپ رەھلەتكە بارساڭ، بىر ئۆمۈر شەيخ بولۇپ،
كېچە-كۈندۈز، كۆز-قۇلاق بولاي شۇ مازارىڭغا، يار.

## دىلبەر(2)

سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن سايە چۈشۈرگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر،
بىراق، پېشماي تۇرۇپ شاختىن تۆكۈلگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

«گۆدەك» دەپ ئويلىما ھەرگىز، يېشىم ئون يەتتىگە كىردى،
خۇراپىي ئەزلى قىسمەتكە پۈتۈلگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

نەزەرىمدە ئۆزەڭ بىر گۈل-ئېچىلغان، خۇش پۇراق چاچقان،
بېغىمغا غۇنچە پورەكنى كۆرگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

مۇھەببەت ھەممىگە ئورتاق، ئەمەس ياش-قېرى دەپ ئايرىش،
يۈرەكتە ياندى يالقۇنلاپ، ئۆچۈرگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

مېنىڭ سۆيگۈ قۇشۇم بوستانلىرىڭغا ئاشىقى-شەيدا،
ئۇنى شاختىن يەنە شاخقا ئۇچۇرغۇم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

غەزەب قىلما، چۈشەنمەستىن يۈرەكىمنى بىلىپ تەلۋە،
بىراۋ ئالدىدا تىل ئېشتىپ سۆكۈلگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

سېنى سۆيمەكلىكىم پەرھىز، ساڭا يەتمەكلىكىم سۈننەت،
دىدار كۆرسەتمىسەڭ مەيلى، پۈكۈلگۈم يوق، مېنىڭ دىلبەر.

# ئازغۇن روھىمنى قۇم باسسۇن

مېڭىپ تاق يولدا تېپىلدىم، سۇنۇپ كەتتى ئۈمىد غايەم،
مېنىڭ چوڭ بايلىقىم بوپ قالدى قاقشال تەن بىلەن سايەم.

كۆڭۈل مۈلكۈمدە جاي تۇتقان زىبا-خۇرشىد قەلەمقاشىم،
پىراق دەستىدە چوغ يۇتتى سەمەندەر سەندىلىدەك ھەم.

ئۇنىڭ روھ ئالەمىدە جىلۋىلەر ئىزناسى ئۆچتى، بەس،
پەقىر باغرىمنى قان ئەيلەپ، يۈرەككە ئىزلىدىم مەلھەم.

خىيالى چۇشلىرىم قوغلاپ ئىزتىراپ چۆلدە سەرسانمەن،
روھىم مەھشەردە ئازغۇندۇر، تىرەكلىك بىر ماڭا ھەردەم.

ياشاشنى ئىستىسەم ئىلگىركى ھالغا كەررە قايتقۇم بار،
بىراق يار ئىشكى مەنچۇن تاقاقلىق بىر ئۆمۈر مەھكەم.

مېنىڭ ئازغۇنلۇقۇم ئۆلتۈردى تىرىك، ئاھ مېنى تەڭرىم،
روھىمنى پاكلىيالماس مىڭ يۇيۇپ ۋە چايقىسام، زەم-زەم.

ئۈمىدۈم: ئۇشلىماي مۇرادىمنى تاشلاڭ، چۆلدە قۇم يۇتسۇن،
بولۇپ كەتسۇن ناپاك جىسمىم ئەنە شۇنداق جازاغا يەم.

# قىلدى

كېزىپ بىر باغرىمنى بىر سەۋدا، خىيالىمنى بىھۇش قىلدى،
ئېسىم تاپتىن چىقىپ، تەرسالىقنى تۇشمۇ-تۇش قىلدى.

قاناتلارغا شېرىك، ھەمرا روھىم ئىشرەتلىرى ھازىر،
ئۇنى تەقدىر تۇتۇپ بەرمەس ياۋايى، تەركىسى قۇش قىلدى.

دىدار پۇرسەتلىرى پىنھان، مۇلاقەت سەرۋەرى تاڭسۇق،
ئۆزۈمدىن ئاغرىنىپ ھېسىم، گېزەندە دومسىيىش قىلدى.

ئۇبۇك ياسى سۇنۇپ، بەرداشلىقىمنى ساقىدى، قايتا،
تەۋەككۇل لەشكىرىم ۋەسلىڭ فرونتىدا ئۇرۇش قىلدى.

يېڭىلدىم تاشلىدىڭ چۆلگە، چۇشەپ رىشتىڭ پاناسىدا،
كېچەڭ قەدرىم توكۇپ، ئادەملىكىمنى زاغ-ھوقۇش قىلدى.

پۈتۈم رايىڭغا كۆنمەتىن «غېرىپ-چۆللەر»گە ئىز سالدى،
ۋەسىل تۇغيانلىرىڭ تەندە كۈچۈمنى مىڭ ئۇلۇش قىلدى...

ئىلاھى ئىشق چېكىپ كۆزنەكلىرىڭنى دىل سارايىڭنىڭ،
كۆيۈككە مۇپتىلا ئەتتى، لېۋىڭ تاتلىق سۆيۈش قىلدى.

## مۇھەببەتتىن ئۆگەيلەتسە

كۆزۈڭ شەرھى قۇچۇپ بىر ئوت، يۈرەك-باغرىمنى سەيلەتسە،
تېنىمگە يامرىغاي شادلىق، ھېسسىمنى كۆككە لەيلەتسە.

سەھەرنىڭ كۆزىدە قەترە بولۇپ، لېۋىڭگە تامغايمەن،
سۆيۈك سەرسانلىقى چۆلىدە قويۇپ، باغرىڭنى چاك ئەتسە.

ئىنايەت ئەغتىرىم بارخانغا تۈغ تىكلەر، تېنەپ قالساڭ،
پاچاقلايمەن، مەگەر تەقدىر، ئۈمۈد ئارزۇيۇڭنى چەيلەتسە.

پەدەرىڭ پەرقىلىق ھاجەتلىرىمنى ئەيلىسە كومپەي،
سۆيۈلگەي قول-ئاياغى، تاش ئېتىپ، كالتەك دەۋەيلەتسە.

ئۆپۈپ يەر، قان يۇتۇپ، زەرداپتا تولغانسام، دېمە «بىمار!»،
بىھاجەتتۇر يۇتۇش شەربەت، مېنىڭ ھەكىمگە ئەملەتسە.

سېنى ئايرىپ مېنىڭدىن، خوش ئېتەلمەس كۆڭلىنى تەڭرى،
تېنىم خاك تەكتىگە چۆككەي، مۇھەببەتتىن ئۆگەيلەتسە.

غېمىم ئارتىپ بارار، كۆرمەي دىدارىڭنى بىرەر كۈنمۇ،
سەۋەپكە يول ئاچاي، ئادەت كۈچى كۆرمەكنى چەكلەتسە.

شۇ سەۋەبتىن توي قىلالماي، ئۆتتى ئۆمرۈڭ بىھۇدە.
ئات تۇگۇل بىر قوي قىلالماي، ئىت-مۇشۇك، ھەتتا چۈنەك.

تاشلىما، دوستۇم ئۆزۈڭنى، نەسىھەتكە قۇلاق سال،
ئۇخلىماي ئاچقىن كۆزۈڭنى ئەمدى ياي سەنمۇ پىلەك...

# ئۇخلىما ئاچقىن كۆزۈڭنى

(بىر دوستۇمغا ھەجۋى)

قەي قىلىپ قۇستۇڭ قاۋاقتا، دۇم چۈشۈپ ياتتىڭ، دېمەك،
زەغمە يەپ پوستۇڭ يىراقتا، يېرىشىپ قاپاقمۇ بەك.

ئاقتى قانلار شۇرقىراپ، ئېغىز-بۇرۇن، قۇلاقلاردىن،
قالدى كۆزۈڭ پارقىراپ، بولدۇم ساڭا يولداش-يۆلەك.

دوست دېگەن ئەسقاتمىسا، چۈشكەندە باشقا دەرت-ئەلەم،
دوست ئەمەس، تەڭ تارتمىسا دەرتنى بولۇپ ئاڭا تىرەك.

ۋە لېكىن بۇنداق ئەمەس، دوستلۇقنى چاتقان شۇ مېھىر،
يىغلىدىم ئەپتىڭگە بىر پەس، يىغلىدى ئاسمان-پەلەك.

سەنمۇ ئۇيغۇر، مەنمۇ ئۇيغۇر، ئوخشىماس ئارزۇ-ھەۋەس،
كۆكلىمە، بىردەمگە جىم تۇر، سالمىغىن جانغا ئىكەك.

ئىلمۇ-ئىرپان يارىشۇر، يۇتساڭ ئۇنى مەي ئورنىدا،
قىز-يىگىتلەر قارىشۇر، ياشلىق گۈلۈڭ ئاچسا چېچەك.

ھە! دېگەندە ئىككى سەر قاقساڭ كېچە-كۈندۈز دېمەي،
مەيدىنى زەي يەرگە ياقساڭ، قاجىدۇر قىز-سىڭىلەك.

بۇنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن، ساڭا ئوخشاش ئەقلى كەم.

خەير-خوش، شاخ سانىغۇچتىن ئۆلگە ئالغان نايىنقىم، چۈشكە ئايلانسۇن سېنى دەپ ئايىنغان كۆنلەر تامام...

## خەير، ناينىقىم

ئېتىبارىڭدىن يوقالدى مەندىكى تاقەت-چىدام،
بۇ سۇيەت قەھرىم تېشىپ ئالەمدە بولماپتىم قارام.

مەسخىرەڭدىن سۇندى باغچىلاب، تېرەن ئۆسكەن غۇرۇرۇم،
ھەمدە ۋىجدان قىلدى قەي، زەرداپقا تولدى دىل يارام.

بارمۇ رەسسامغا بۆلەك چىنلىق دېگەندىن ئەتىۋار،
ياپمىدىم ئىۋەنلىرىڭنى رەڭدە كۆرسەتتى سىدام.

ئوقۇماقتا يوق تېخى، چىن ئادىمىيلىك قىسسىسى،
رەنجىدىڭ مەندىن نىگار، ئاقتى يېشىڭ تارام-تارام.

ئەس-ھوشۇڭنى ئاپتۇ بىردىن ناخشىچى رەققاس يىگىت،
توۋلىسا غۇڭ-غۇڭ ئاۋازدا «سۆزلىرى شەربەت، قىيام»...

مەس بولۇپسەن ماختىسا «ئايدىن گۈزەل يايرىم مېنىڭ،
لەۋلىرى ياقۇت ھەللىلىك، ئاغزى ئالتۇن شىشە-جام.

كۆزلىرى چولپانغا ئۆرنەك، كىرپىكى ئوقياسىمان،
قەددى گۇلدۇر، بۇيى ئەنبەر، بەل سۇۋارى بىر تۇتام.

بولدى بەس! خاستۇر تەرىپلەش، چىن غۇرۇرى ئادىتىم،

# ئۆكسۈمە

ئۇ سېنى سۆيگەن مىنۇتلار ئەسكە چۈشسە، ئۆكسۈمە،
يۈرىكىڭگە يامىرىغان ئوت-لاۋا ئۆچسە ئۆكسۈمە.

كۆز يېشىڭ دۇردانىسى يەرگە تۆكۈلدى قەترە بوپ،
گۆھىرىڭدىن نۇر ئۆچۈپ يۇلتۇزغا كۆچسە ئۆكسۈمە.

دىل ئارا تەردى نىزاھ شەيتان كەرشىنىڭ قىسمىتى،
ئاشىقىڭ مەھەللەڭنى تاشلاپ كەتسە ئۆكسۈمە.

زاغ ماكان ئەيلەپ تىزىپتۇ، تەن چىنىلىرىڭغا ئۇۋا،
سېنى لىق گۆش ئورنىدا خاملا يەۋەتسە ئۆكسۈمە.

چىن مۇھەببەت شاللىغاي ساختا نومۇسسىز سۆيگۈنى،
ئاشىقىڭ ئەپۇ سوراپ نامە ئەۋەتسە ئۆكسۈمە.

كۆز-لېۋىڭ كۆلدى، ئەجەب خۇيلۇق يەنە بىر يەرلىرىڭ،
بولدى ئەمدى، سۆيگۈ رىشتىنى زەر يىپتا ئەشسە ئۆكسۈمە.

ئىككى ئاشىق بىر ئۆمۈر يەتكەن مۇراتقا نەدە بار؟
بۇ مۇھەببەت تىلسىمىنى تەڭرى يەشسە، ئۆكسۈمە.

# بولدى

ئۆزۈمنى سوتلىدىم ۋىجدان يۈرەكنىڭ سوتچىسى بولدى،
تامام نەپرەتكە تەن ئۆمرۈم بۇگۈننىڭ ئولجىسى بولدى.

غۇرۇر پەشتاقىدىن ئالدى ئورۇن جۈملەئى شەيتانلىق،
ھالاللىق بەھرىدىن لوقمان ناۋتىنىڭ نوكچىسى بولدى.

دىلىم نۇر ئەمدى تاڭلاردىن، تەبىئەت سىھرى باغلاندى،
يېشىلگەن چوڭ مېڭەم ساغلام ئەقلىنىڭ بوخچىسى بولدى.

ئىجات تۇلپارىغا مىندىم، كۆمۈلدى شانغا تىك قەددىم،
ئەقىل قەلبىم ئۆي-سارايىنىڭ نۇر توكچىسى بولدى.

گۈزەل تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن چېغىم، قايناق ئىلھاملىرىم،
تالاي تۈن ئۇيقۇسىز ئۆتسەم، ۋاقىتنىڭ سوتكىسى بولدى.

يېزىلغان لىرىكام ئەل قەلبىدىن ئالدى ئورۇن، ھەيھات،
ئېسىل ناخشا-كۈيۈم مىسكىن كۆڭۈللەر بوتكىسى بولدى.

دېدى تۈيغۇن: ئۆزۈڭنىڭ تالىيشى ھەق داجىما ئۈندىن،
ئىرادەڭ ئەمدى ئۆمرۈڭنىڭ بوغالتىر چوتچىسى بولدى!

سالامدا لىڭشىتاتتىم باش، چاۋار تەمەچ، قىياقلارغا.

خامانغا تەك قوشۇپ ئاتنى، يەنە لاي-لايىنى تەك توۋلاپ،
ئاۋام بىرلە چىپىپ ئۈستەك، تۈتاتتىم سۇ-قوناقلارغا.

مېنىڭسىز قىزىمايتتى توي بىلەن مەشرەپ، ئۆلەن، بەزمە،
بىراق قۇچسا هازا يۇرتۇم، تولاتتى ياش چاناقلارغا...

3

نىتەي ئەمدى قېرىپ چال-مويسىپىت قاتارى ئاھ ئۇردۇم،
ئۆلۈم سايە چۈشۈردى تەن چىنارىمغا، ياڭاقلارغا...

ھەۋەسكە ئىشتىياق تارتماس بولۇپ قالدى ئۆزۈم ناخۇش،
بۇرۇن كۆنمەيدىكەن ئەمدى يېقىملىق، ئۇز پۇراقلارغا.

ئويۇن كۈلكە بىلەن ياشلىق خوراپ بەرگى تاشلىدى ئارزۇ،
كېتەر بولدۇم ئېرىشمەي شان-شەرەپ ئالقىش ئاتاقلارغا.

ھايات ئەلبومىدىن بىر رەت ۋاراقلاش مەن ئۈچۈن بەك تەس،
ياشاشتىن مۇددىئا نېمە؟ جاۋاب چولتا سىناقلارغا...

ئايا دوستلار مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى دورىماڭ ھەرگىز،
ھايات دەپتىرىڭىز تولسۇن چوقۇم ئىبرەت ساۋاقلارغا.

# جاۋاب چولتا سىناقلارغا...

1

چىمەننىڭ مەيلىگە باقسام، قېشىم قار ساپتۇ تاغلارغا،
تەئەججۇپتە قارار بولدۇم، چېچەكلىك كۆللى باغلارغا.

يىگىتلىك شوخ ئاساۋ ئاتتەك تىنىم تاپمايدىكەن چاپچىپ،
قېرىپ يەتمەس بولۇپتۇ كۈچ، سۈكۈت يوللاپ ساداقلارغا.

قىران نەدە يېتىپ نۆۋەت ئېگىز تاغنى ماكان تۇتسام،
ئاراملىق يوق ئىدى بىر كۈن ياشاش ئىمكانى زاغلارغا.

ئېيىق ئوۋلاپ تېخى يولۋاس بىلەن شىرغا خىرىس قىلسام،
ئەمەس ھاجەت ئىدىم پالتا، قىلىچ، سەرخىل ياراغلارغا.

ئاۋازىمدىن زېمىن تىترەپ پەلەك، گۈلدۈرلىسە ھەيھات،
«چېقىن چاقماق قىلىپ يالت-يۇلت تولاتتى كۆك چىراقلارغا.»

2

لېكىن ئازغۇن ئەمەستىم مەن، ئۇلۇغ مەككەم ئىدى ئەل-يۇرت،
گويا ئاتەش ئىدى مېھرىم يېشىل ۋادا-پىراقلارغا.

تىرناملىك قەۋمگە دەيتتىم: يۇرەكنى ئارمىغان ئەتسەم!

ماڭا كەلگۈ پەلەك باغرىنى زىندان كەبى تار بىر جاھان قىلدى.

پىراقتىن دەرت يېگەن كۆڭلۈم كۆكى نۇر ئەممىگەي ئەمدى،
سۆزۈك تالڭ سەتھىدەك چېھرىم سىماسىنى تۇمان قىلدى.

# ئارمىغان قىلدى

سېنى قەلبىم ئارا تەقدىر ئەجەب، ئاسىي جانان قىلدى،
ئۆزۈمنى بەزلىمەك ئەۋجى يۈرەكنى لەختە قان قىلدى.

ئىچىشكەن كەبزىلەر كەيپى ئىستىلى مەي شارابلاردىن،
قەسەملەر جەمئى يۈز ئۆرۈپ يۈزىنى ئاينىغان قىلدى.

ۋاپا لەشكەرلىرىم رايىش، سۈكۈتكە ئەيلىسە بەرداش،
قەلب جەڭگاھلىرىڭ غەييۇرلۇقۇمنى ئىمتىھان قىلدى.

مۇھەببەت دۇلدۇلۇم چاپچىپ، ۋىسال مەيدانىغا كىرسە،
يولۇمنى توردى قىلتاقلىرىڭ ئەسلىنى ئايان قىلدى.

چۈشۈپ ھىيلە-توزاقلارغا ئۆزۈمدەك ناتىۋان بولدۇم،
كۆزۈمدىن بىۋاقىت قان-ياش تۆكۈپ يامغۇرسىمان قىلدى.

نىچۈن؟ دەپ سورىغانلارغا، دېگەيمەن دادىغاھ ئەيلەپ،
ساداقەت سۆيگۈنى خەجلەپ نومۇسنى تىل داۋان قىلدى.

دېدى، تۈيغۇن يەنە: ئەتمە ئەيب، تاللاش كۆڭۈل مەيلى،
ئۆزۈڭنى سۆي ئاۋۋال، ئاندىن دېگەننى ئارمىغان قىلدى.

پەلەي پەرۋايىغا ئالماس ئىكەن، چەكسە ئەلەم ئاشىق،

# زارلاتما مېنى

زارىقىپ كۈتتۈم سېنى يار، كۈندە ساقلاتما مېنى،
ۋەدىگە قىلما خىيانەت، مۇنچە زارلاتما مېنى.

سەن ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەك چۇچۇلىغا ئايلاندى بۈدەم،
زەپىران چېھرىمۇ ھەم، تومۇزدا قارىداتما مېنى.

تاڭ سەھەر كۆز ياشلىرىم شەبنەمدە ئەكچىيدۇ، تۈنى،
چارۇ باغىڭدا ئۈزەي گۈل زاغقا دادلاتما مېنى.

زاغلىرىڭدىن نا ئۈمۈدمەن، ئۈمۈدۈم سەندە پەقەت،
يات كۆزۈڭدە باق، لېكىن، قەلبىڭگە ياتلاتما مېنى.

يۇلتۇزۇم ئەختەر تۇرۇپ، گۈنسىز غۇۋالاشتى پەلەك،
بۇرجىقا ئەتمەي نىگاھ ئاي كۈنگە ئىلغاتما مېنى.

يىرتىلىپ كەتسە مۇھەببەتنىڭكى «ئۇزۇن قەۋىتى»،
ئەتكىلى يانتاق تىكەن ئورنىدا چىتلاتما مېنى.

بەك ئۇزۇن بولسا سىناق، دىل دەردكە ھاملدار ئىكەن،
سىنىقىڭنى قوي، يۈرەك-باغرىڭنى چارلاتما مېنى.

تۈنلىرى تاپماس تىنىم «ئىشىق ئوغرىسى»نىڭ پۇتلىرى،

# مۇھەببەت كۆزىدە باقسام

جاھان پەلەك غەۋغاسىدىن قەلبىم ئۇزۇلگەن تارغا ئايلاندى،
پەلەك پەشۋاسىدىن بىھۇش يۇرەك بىمارغا ئايلاندى.

ئەزەلدىن قىسمىتىم شۇدەك، زۇغۇيلار كۆلكىسى ئىچرە،
يېتىلدۇرگەن خۇيۇم شەيتان تۇپەيلى خارغا ئايلاندى.

زامان رەپتارىغا باقسام، كىشەنگە مۇپتىلا روھىم،
ئېچىرقاپ ئارزۇيۇم زەم-زەم چۇشەپ مۇڭزارغا ئايلاندى.

ئۆزۈمنىڭ چىن ئىجات ئەتكەن كۇيۇم كۆمۇلدى ۋاڭ-چۇڭغا،
تۇراق، ۋەزىن، رىتىم ئاھاڭلىرىم تارمارغا ئايلاندى.

نادانلىق پەنجىسى چىرماپ، ئەقىلنى گۇندىپاي قىلدى،
غېرىپلىق مەن ئۇچۇن ھەمراھ ئىجىل غەمغارغا ئايلاندى.

ئۆزۈمنى تونۇدۇم، سىلكىتىپ غەنىلەر سۆھبىتىدىن قول،
كىتابتىن ئىزلىدىم نۇسرەت، كېمىم تەل-بارغا ئايلاندى.

مۇھەببەت كۆزىدە باقسام، ئاقىللار ھېكمىتى باشقا،
نادانلار ھەيۋىسى يەلدەك توزۇپ گاز شارغا ئايلاندى.

دېدى تۇيغۇن: ئۇمىدسىزلىك قاشاڭ پەرۋازنى مات ئەيلەر،
ئىجادىنىڭ كۆكىدە ئىلھام قۇشۇڭ شۇڭقارغا ئايلاندى.

# ئەتمىگىن

قاشلىرىڭنى ئۈينىتىپ، كۆكتىكى «ئورغاق» ئەتمىگىن،
كىرپىكىڭنى يا قىلىپ، كۆزۈڭدە «سوراق» ئەتمىگىن.

ناز-كەرەشمەلەرگە ئەمدى بۇ كۆڭۈل ھېرىس ئەمەس،
ساڭا ئىشەنمەيدىغان راستىنلا ئورتاق ئەتمىگىن.

غايىسىز ئىنساندا سۆيگۈ تەلۋە قىزغىنلىق خالاس،
تەلۋىلىككە بېرىلىپ سۆيگۈڭنى قىرتاق ئەتمىگىن.

...«بوغۇلۇپسەن» ئىلتىپاتىمدىن تىلەپ ماڭا ئۆلۈم،
جانغا خەۋپلىك قوللىرىڭنى قايچا-پىچاق ئەتمىگىن.

ئايرىلىشتىن ئالدىراپ بەرمە بېشارەت، ئۆتۈنەي،
تېرىكىپ بارماقلىرىڭنى شىلتىپ، تاياق ئەتمىگىن.

«پۇرچىقىمىز پىشمىدى» دېگەن ئۆزى قانداقچە گەپ؟
ساڭا تەلپۈنگەن يۈرەك-باغرىمنى پۇرچاق ئەتمىگىن.

چۈشىنىش ھۆرمەت -ھەۋەس ئوخشاش ئەمەس بىزلەردىكى،
ئوي-خىيالىڭنى تېڭىپ مەجبۇرى، قولۋاق ئەتمىگىن.

پەندى-نەسىھەتكە كۆنۈپ، باغرىڭنى ئاچساڭ، شۇ تېگىل،

«ئوغرى» دەپ ئەتمە جاكا، ئەلكۈنگە خارلاتما مېنى.

«مۇددىئايىم»نى بىلىپ بولدى خالايىق بىرمۇ-بىر،
غەزىبىڭنى باس، ۋىسال باغىدىن قوغلاتما مېنى.

ئۈزمىدىڭ مەندىن ئۈمۈتنى مەڭگۈلۈك چىگمەس قىلىپ،
بەرمىدىڭ سۆيگۈ-مۇھەببەت، ئەمدى مۇڭلاتما مېنى.

ۋەدىلەر بەرگەن ئىكەنسەن چىڭ ئۆيۈڭدىن ئۈخلىماي،
ئاي پېتىپ تاڭ ئاتقىچە تۈڭلۈكتىن مارىلاتما مېنى.

## مىنىڭ يىل ياشاپ ئۆلمەيدۇغۇ...

چىڭقى چۈش بولدى گۈلۈم كەلمەيدۇغۇ،
ئاھ پۈتۈن كۆڭلۈم يېرىم كەملەيدىغۇ.

بۇ تومۇزدا خەپ، چوقۇم ئۆتتى ئىسسىق،
بارمىسام ئالدىغا تېز سەنلەيدىغۇ.

ئېھ ئەنە كەلدى گۈلۈم، رەڭگى سۇلۇپ،
كۈندىكىدەك جىلۋە قىلىپ كۈلمەيدۇغۇ.

قوللىرى تىترەيدۇ كەتمەن سېپىدە؟
تىنىقىدىن ئوت يېنىپ تەرلەيدۇغۇ.

ئاپىراي، دوختۇرغا تېزراق، بولمىسا،
ئاغرىقىنى نالە قىلىپ ئەملەيدۇ ئۇ.

قاتقىلى هارۋامنى ماڭسام، كاپ قىلىپ،
قوللىرىمنى هېچ قويۇپ بەرمەيدۇغۇ.

«ئۇلتۇرۇڭ هارغاندا بىللە ئىچەيلى»،
دەو ماڭا بىر كاسا دوغ تەڭلەيدىغۇ.

بىلمىدىم يارنىڭ خىيالى نېمىكىن،

ئۆتۈنۈش، ئەپۇ قىلىشنى دورا تەرياق ئەتمىگىن.

...بولدى چۈشەنگەنلا بولساڭ، ياش تۆكۈپ قىلما قەسەم،
قايتا ئېزىپ ئىچۈرۈپ، ئاغزىڭدا بولماق ئەتمىگىن.

قول تۇتۇپ پارلاق نىشانغا، بىللە باسمايمىز قەدەم،
يوق سېنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلغۇم، بويتاق ئەتمىگىن.

# كېتەلمەيمەن

مەھەللەڭدىن ھەر كۈنى كېتەلمەيمەن؟
قۇياشلىق تاڭ كېتىپ ھەم تۈن كېتەلمەيمەن؟

بۈنىڭ ئىخلاسى: بىرلا-مۇھەببەتتۇر،
جامالىڭغا بولۇپ مەپتۇن كېتەلمەيمەن.

ئىشىق سەۋداسىدا بۇ دىل چېكەر پەرياد،
خىيالىڭدا ئۆزۈم مەجنۇن، كېتەلمەيمەن.

«ساراڭ» دەپ چالما ئات مەيلى، مېنى قوغلا،
مادارىم يوق، يۈرەكىم خۇن، كېتەلمەيمەن.

ئوقۇت داخانغا، سالدۇر رەمچىگە رەم-پال،
قىلالماس كار ماڭا ئەپسۇن كېتەلمەيمەن.

مەھەللەڭدە تېنەپ يۈرسەم كۇپايەدۇر،
«جۇدا»لىقنى خۇدا ئۆرسۇن كېتەلمەيمەن.

يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، دەۋرەيدىغۇ.

جۇپ قاراقى كۆزلىرىمنى چارلاپ،
قاشلىرى ئېگىز ئۇچۇپ، پەسلەيدىغۇ.

دىمىغىدىن تارىدى خۇش-بۇي پۇراق؟
ھىدىغا مىڭ ئەتىرىمۇ يەتمەيدىغۇ.

...شۇ سەۋەبتىن چىڭ گىرەلەشتى تىنىق،
بولسا يار شۇنداق كىشى كۆكلەيدىغۇ.

ياشىرىپ سۆيگۈ-ۋاپادىن بىر ئۆمۈر،
كەتسىمۇ مىڭ يىل ياشاپ ئۆلمەيدىغۇ.

# قاقشىدىم

ئىستىبلا ئەتتىنىڭ يۇرەكىنى، يىغلىدىم قان، قاقشىدىم،
ئۇزدى قۇۋۋەتنى قامالىڭ، نالىدى جان قاقشىدىم.

كۆكسۇمە چەنلەپ كىرىچ، ئاتتىڭ ئوقۇڭنى ۋاي! دېدىم،
مەن بولۇپ تەييار سېنىڭ ئىشقىڭغا «قۇربان» قاقشىدىم.

كۆيدۇرۇپ ئاتەشلىرىڭ، ئەتتى بېلىق قۇملۇقتىكى،
ساچلىرىڭ چىرماپ، بولۇپ گوياكى ئارقان قاقشىدىم.

تەگرى سالغان بۇ ئىشقا سەن نېچۇن شېرىك ئەمەس؟
يا ئەمەس سۆيگۈ ھاشارنىڭ نەرقى ئالغان قاقشىدىم.

كۆل بولۇپ ئۆرتەنمىدىم، سەۋرىم ئېشىپ بەردىم چىداش،
قىينىقىڭدىن ياش تۆكۈپ ئالدىمغۇ پىنھان، قاقشىدىم!

قاقشىدىم، تاشتىنمۇ قاتتىق يۈرىكىڭنىڭ زەربىدىن،
يوقمۇ بىزدە قايتىدىن پۇرسەتكە ئىمكان؟...قاقشىدىم.

# ئارمىنىمىز شاخلايدۇ

ياپرىم كەلگەن ئۇخشايدۇ، شەرەت قىلسام توختايدۇ،
بىزدىكى ئوي-مەقسەتنى خالايىقلار ئۇقمايدۇ.

قارىماستىن كەينىگە ئايان سىرىم، لەيلىمىگە،
تار ئېقىندىن ئاتلىسام، ئۇمۇ مەندەك ئاتلايدۇ.

پىنهان باغنىڭ ئىچىدە سەيلى قىلساق كېچىدە،
ئاي-يۇلتۇزلار مۈگدىشىپ، هايال ئۆتمەي ئۇخلايدۇ.

تىنىقىمىز قوشۇلسا، تال چىۋىقلار ئۇشتۇلسا،
ئېيتىلمىغان ناخشىلار لېۋىمىزدە جىرلايدۇ.

بېهۇش بولۇپ يىقىلساق، تۈن رەڭگىنى قان قىلساق،
تاڭ پەيتىدە پەتىلەپ، قۇياش بىزنى يوقلايدۇ.

سىر يوشۇرۇپ دىللارغا، راۋان بولساق يوللارغا،
ئارمىنىمىز چېچەكلەپ باراقسان بوپ شاخلايدۇ.

كۈندە بىزگە شۇ ئادەت لاۋۇلدىغاچ مۇهەببەت،
يات كۆزلەرنىڭ سۆزىدىن بىزنى هەردەم ساقلايدۇ.

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەركىنجان

ئۆمرۈمدە ناخشىلار قالدى بىر تالاي،

بەزىسى يېقىملىق،بەزىسى قوپال.

تۇغۇلدىم بولسۇنكى مەيلى قانداق جاي،

تۇساقلار تۈزلەندى،يېڭىلدى دوقال.

..............................

بۇ مېنىڭ ئېيتقىنىم ئۆمۈر ناخشىسى،

ئېيتىمەن ئۆمرۈمگە قويۇلغۇچە چەك.

ۋىجدانىم ئۆمرۈمنىڭ بەلكى ساقچىسى،

ئۇ بىلەن نۇرانە، پارلاق كېلىچەك!